

# كىرپىكتىكى قار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



# كىرپىكتىكى قار

(شېئىرلار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەسقەر ھوشۇر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : **چىمەنگۇل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى : **بەختىيار ئابلىمىت**

# كىرپىكتىكى قار

(شېئىرلار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **ئەسقەر ھوشۇر**

---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى : 7.75 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2012- يىلى 5- ئاي 1 - نەشرى
2012- يىلى 5- ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 4000 — 1

---

ISBN 978—7—5373—2622—3
باھاسى : 25.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

**ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك**

كىرپىكتىكى قار .............................. 1

**ئەھمەد يۇسۇپ سەرداھى**

كۆيۈكنامە .............................. 57

**راخمانجان ئاۋۇت ئۆزھال**

مەن تۇرغان ئۆي .............................. 83

**سىدىق ھاجىئەلى**

سىنىڭ ئاۋازىڭ .............................. 117

**ئالىمجان قاسىم**

ياز داۋاملاشماقتا .............................. 167

**مىرئادىل مۇختار**

كۆتكىنىم سەنمۇ .............................. 203

**دىلمۇرات مۇھەممەت شاۋۇدۇن**

ئۇزۇلمەس رىشتە .............................. 225

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك

# كىرپىكتىكى قار

# پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك

پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك ،
سېغىندىڭمۇ؟ سېغىندىم سېنى .
قۇچىقىڭغا سىڭىپلا كېتەي ،
تىنىقىمدىن تونۇۋال مېنى .

پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك ،
ئېلىپ كەلدىم بىر دۆۋە چاقچاق .
سېغىنىشنىڭ گۈلخانلىرىدىن ،
گۈللەر تىزدىم ساڭا بىر قۇچاق .

كۈلۈمسىرەپ كۆرسەتكىن ماڭا ،
كۆتۈشلەرنىڭ دېڭىزىدىن بوي .
سۆكۈناتقا چاتساممۇ سېنى ،
نازغىنىپ - نازغىنىپ بىرنى سۆيۈپ قوي .

پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك ،
قوياي ساڭا نۇرلۇق بىر سوئال .
ئېيتىپ بەرگىن ، ئۇرۇقلىرىڭدەك
ئۇنۇۋالسۇن قاناتسىز خىيال .

ھۆررەك - ھۆررەك سۆزۈك يېلىملار ،
قورشاپ ئاپتۇ قاتقان غولۇڭنى .
چاچ تاراشنى ئۇنتۇپ قالغان قىز ،
ئۆلتۈردىمۇ چىغىر يولۇڭنى .

ئىسسىت ، ئىسسىت ئاۋۇ كۆچەتكە ،
ئىسىم ئويۇپ قويغان قايسى قول .
چېچەكلەشتىن ئايرىلغاندا ئۇ ،
ۋىلىققىدە كۆلدىمۇ سۇمبۇل .

ئېيتىپ بەرگىن ، قاي كۈندىن بېرى
يېمەك بولدى يۈرىكىڭنى قۇم .
خەنجەر تۇتقان قوللىرىڭ بىلەن
ھەيۋىسىنى قىلدىڭمۇ كۇكۇم .

قۇرۇپ قاپتۇ بىر دەستە چېچەك ،
كىملەر تاشلاپ كېتىشكەن ئۇنى .
چاڭقاقلىقتا تۇرساڭ يېگانە ،
كىم باشلىدى سايلىققا سۇنى .

پەرىشتىدەك كۆركەم جىگدىلىك ،
سىردىشىڭمەن ، سىردىشىڭ ئەبەد .
بار ئەلەمنى بىر ئۆزۈم چېكەي ،
كۆز يېشىڭنى ماڭا بېرىۋەت .

# خەير ساڭا سەھرالىق قىزچاق

كۆتۈرۈلدۈڭ سەھرا باغرىدىن ،
ئۇچۇرما بولغان ئوماق قۇشسىمان .
ئېمىشقىكىن خىلۋەت سەھرانىڭ
يالمىۋالدى كۆز ئېقىنى قان .

چىمبۇلاقلار قالدى ياۋاشلاپ ،
توقاي سۆگەت تارىمىدى چاچ .
بېرىۋالدى قومۇش تۇۋىگە ،
كۇيچى تورغاي قالغان كەبى ئاچ .

ئولتۇرمىدى قاقلىنىپ كۈنگە ،
كوماك تامنىڭ تۇۋىدە ئاسلان .
يول بويىغا كەتتى چېچىلىپ ،
يېڭى ئۆزگەن بىر سىقىم چىلان .

قاتلىۋەتتى نازۇك بېلىنى ،
شوخ نازىنى يوقاتقان شىۋاق .
ئۇچۇپ كەلدى خىلۋەتتىن بىر ئۈن ،
خەير ساڭا سەھرالىق قىزچاق .

# چۈش كۆرىدۇ پادىچى بالا

تەرلىگەندە پادىچى بالا
يۆلەنگەنچە تاقىر سايىدىكى
بويۇن قىسىپ تۇرغان جىگدىگە ،
چۆكۈپ كەتتى شېرىن ئۇيقۇغا .
ئېلىپ كەتتى چۈش قوينىغا ھەم ،
پەرىشتىلەر ئاستا ، بەك ئاستا .
چۈشلىرىدە ،
ئاپپاق چاچلىق ئاق كۆڭۈل موماي
يېڭى ئاياغ ئېلىپ كېلەرمىش .
قاشلىرىدەك ئېگىلگەن بوۋاي ،
كېپىنەكنى قوندۇرۇپ نەيگە
ئالىقىنىغا تاشلاپ بېرەرمىش .
چۈشلىرىدە ،
ۋىچىرلىشىپ ئوتتۇز بەش يۇلتۇز ،
ھەرپلەرگە سىڭىپ كېتەرمىش .
قاراپ گاھى ياپياش مۇئەللىم
بۇلۇڭدىكى بىر بوش ئورۇنغا ،
تىترەپ تۇرغان غەملەرنى يەرمىش......
ياتقان كەبى قوقاستا ،
چۈش كۆرىدۇ پادىچى بالا ،
چۈش كۆرىدۇ پادىچى بالا .

# خەير ، مەكتەپ

خوش ، مېھرلىك قەدىردان مەكتەپ ،
قالدى سەندە تاتلىق ئەسلىمە .
مۆڭلانساڭمۇ قەددىڭنى رۇسلاپ ،
«خوش» دەپ تاتلىق بىرنى كۈلگىنە .

قالدى سەندە گۆدەك خىياللار ،
قالدى سەندە شېرىن پىچىرلاش .
قالدى قۇياش مەھلىيا بولغان ،
ئۈششۈك تەگمەس ئوماق ساۋاقداش .

قالدى قەلبى سوۋۇماس ئادەم ،
قالدى سىرداش سۆيۈملۈك پارتا .
قالدى شەنبە ، يەكشەنبىلەردە ،
بىز ئالدىنىپ ئوينىغان قارتا .

قالدى سەندە ساددا چاقچاقلار ،
قالدى يېنىك توپلەي ئاۋازى .
قالدى دىلغا مەلھەم تېمىتقان
دوستلىرىمنىڭ ناۋاكەش سازى......

خەير ، ساڭا بولسۇن سوۋغىتىم ،
شېئىرىمدىن ساقىپ چۈشكەن ياش .
ئوۋلىيالماس قەلبىمنى ئۇنتۇش ،
بىزلەر بولغاچ مەڭگۈ تومۇرداش .

# سەن يادىمغا كەلگەن ئەسنالار

سەن يادىمغا كەلگەن ئەسنالار ،
بۇقۇلدايدۇ قەلبىمدە شېئىر .
مۇڭ يېپىشىپ مۇكچەيگەن خىيال ،
تۈگۈلۈكۈمدىن ئۇچىدۇ پىر-پىر .

سەن يادىمغا كەلگەن ئەسنالار ،
توقاي سۆگەت بېرەر پىچىرلاپ .
قۇچاقلىنتار ئۈمىد بىلەن ھەم ،
يىپەك شامال يۇمشاق شىۋىرلاپ .

سەن يادىمغا كەلگەن ئەسنالار ،
بوپ قالارمەن قايتىدىن مەسۇم .
ساھىلدىكى چېكىم-چېكىم ئىز ،
چېچەكلەردەك قىلار تەبەسسۇم .

سەن يادىمغا كەلگەن ئەسنالار ،
كۈي كۈيلەيمەن ، كۈيۈمدە سەنلا .
دەستە نۇرغا ئايلىنىپ ئاندىن ،
قۇياش تامان سىلجىيمەن ئاستا .

# شەھەرگە مەكتۇپ (1)

شەھەردىكى سۆيۈملۈك قىزچاق ،
كېلەرسەنمۇ سەھراغا بىر رەت
كۆك كەپتىرىم ئېپ بارسا باغاق .

كەلسەڭ ئەگەر ھەيران قالمىغىن ،
كېسەك ئۆيلەردىن چىقسا ئاي ، قۇياش .
رەنجىمە ھەم پاتسا پۇتۇڭغا ،
توپا يولغا يىلتىز تارتقان تاش .

شۇمشەيمىسۇن قەلبىڭدىكى گۈل ،
زاغرا بىلەن قىلىنساڭ مېھمان .
ئۆركىشىگە چۆككەن كۈيلەرنىڭ ،
ئۈنلىگەندە بوۋام شادىمان .

تۇمۇچۇقلار ماڭسا كەينىڭدىن ،
شوخ كۈلكەڭنى تارتۇق قىل ، تارتۇق !
بەخت يوقتۇر ئالەمدە بەلكىم ،
تاتلىققىنا كۈلۈشتىن ئارتۇق .

قوندۇرمىغىن كىرپىكىڭگە ياش ،
چاك-چاك كەتكەن يەرلەرگە قاراپ .
ھودۇقۇپمۇ كەتمىگىن يەنە ،
تۇرسا ھۇۋقۇش خىلۋەتتە ماراپ .

سوۋغا قىلسا جىگدە يېلىمى ،
ئالغاچ كەتكىن قايناق شەھەرگە .
قۇچاق ئاچار دوستلىرىڭ جەزمەن ،
سەن تاراتقان نۇرلۇق سەھەرگە······

*　　　*　　　*

شەھەردىكى سۆيۈملۈك قىزچاق ،
سەھرا تامان كەلگىن پەر قېقىپ
كۆك كەپتىرىم ئېپ بارسا باغاق .



# ئانامغا خەت

پەرىشتىدەك مۇلايىم ئانا ،
كۈندەك قوپۇپ بۇ سەھەر يەنە ،
غېمىم بىلەن قىلغانسەن ناشتا .
ئۈنلىگەندەك دەمدىرىم بۇق-بۇق ،
ئاڭلىغاندەك مەسۇم ئۈنۈمنى ،
ئېزىلگەندۇ يۈرىكىڭ تاشتا .

تىك تۇرغاندا چاينىڭ شامىسى ،
مېنى كېلەر دېگەنسەن بەلكىم .
مۆرەپ كەتسە موزىيىم سوزۇپ ،
سېغىنىشقا تولغان ۋۇجۇدۇڭ
تەكرار-تەكرار قىلغاندۇ چىم-چىم .

گۈل قوندۇرۇپ توپىلىق يولغا ،
يۈدۈپ ماڭساڭ بىر تاغار ئۆتنى .
چىلىق-چىلىق كەتكەنسەن تەرلەپ .
ئۆيقۇڭ ئۈركۈپ كەتكەن كېچىلەر ،
سۈرىتىمنى ئېنىق كۆرەلمەي
جىنچىراغنى قويغانسەن پەرلەپ……

بىلسەڭ شۇ دەم بۇ يەردە ئانا ،
ئۆچلانماقتا زېھنىم يىڭنىدەك .
سېغىنىشتا مەنمۇ لاۋۇلداپ
جىمجىتقىنا قايتىمەن بىر كۈن ،
ئەگەشتۈرۈپ ئاينى ، قۇياشنى
كەنتىمدە تاڭ ئاتمىغان چاغدا .

# ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە

شەبنەمدەك غۇبارسىز بىر توپ قۇش ئىدۇق ،
كېلەچەك ئىشقىدا چوغ بولۇپ يانغان .
ھەر سەھەر دەمدەردەك ئۈنلىسەك بۇق-بۇق ،
دىللارنىڭ تەكتىدە چاقنايتتى ئارمان .

بار ئىدى يۈرەكتە لىقمۇلىق مېھىر ،
بار ئىدى سوۋۇماس مەسۇم مۇھەببەت .
تەنلەرگە يېقىنلاپ كېلەلمەيتتى كىر ،
سۇۋادان تۇۋىدە قۇرغاندا سۆھبەت .

قاقاقلاپ كۈلەتتۇق بىرھازاغىچە ،
كۆكتۆلدىن-كۆكتۆلگە ئاققاندا چاقچاق .
يېتەلمەي قالغاندا سوئال تېگىگە ،
چۇرۇقلاپ كېتەتتۇق ئۇزاق ، بەك ئۇزاق .

رەنجىشنى بىلمەيتتۇق ، رەنجىتىشنى ھەم ،
كۆكسىمىز دەريادەك ئىدى بىپايان .
ئوۋلىماق بولسا گەر توساتتىن ئەلەم ،
نىگاھلار زەربىدىن توزۇيتتى شۇئان .

قۇياشنىڭ باغرىغا ياسايلى ئۇۋا ،
تۇغۇلسۇن بىزلەردىن سۇپسۇزۇك سەھەر .
ئادەملىك بۇرچىنى قىلايلى ئادا ،
تىنىقلار مۇز بولۇپ قاتقانغا قەدەر .

# ئون سەككىزگە كىرگەندە ئادەم

ئون سەككىزگە كىرگەندە ئادەم
ئۇچۇرما بولغان ئوماق خىيالى
پەر قېقىشقا باشلايدۇ ئاستا.
كېچىلىرى چىقىدۇ جۆيلۈپ،
ياتقان كەبى تېخى قوقاستا.

ئون سەككىزگە كىرگەندە ئادەم
بىر ناخشىنى ئېيتقۇسى كېلەر،
بىر كوچىدا ماڭغۇسى كېلەر.
قۇياش بىلەن بولۇپ يانمۇيان.
پىچىرلىشىپ قالغان ئەسنالار،
تارتىدۇ زېمىنغا گۈلخان.

ئون سەككىزگە كىرگەندە ئادەم
ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدۇ پات-پات
بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۇزاق.
يۈرىكىنىڭ بېغىشىنى ھەم
كۆيدۈرىدۇ سېغىنىش، پىراق.

ئون سەككىزگە كىرگەندە ئادەم
ئىسسىق-سوغۇق قايناملار ئارا
كۆتەر ئۆنى ناتونۇش دوقمۇش……
ئون سەككىزگە كىرگەن يۈرەكلەر
قىلىپ يۈرمەي ھاياتقا چاقچاق،
ئاش داۋاندىن بولۇپ بىر جۈپ قۇش.

# كەل سەھراغا خىيالچان شائىر

سەھرايىمغا كەلسەڭ ئەي شائىر ،
سىغماي قالار قەلبىڭگە بەلكىم
ئۆچراپ ساڭا تۇمەن مىڭ شېئىر .
«كۆرگەنلىرىم تاقىر دۆڭ» دېمە ،
شېئىر ئەسلي كۆرۈنگەن ئېدىر .
جىگدىلىكتىن ئۆتسەڭ مۇبادا ،
سۆيۈپ قاچار شېتىلە شامال .
خىلۋەتلەردىن ئاڭلانغىنى سۇس ،
قايسى ناخشا ، تازا قۇلاق سال......
سالىمىنى ئالغايسەن ئىلىك ،
باشلىرىنى ئەگسە سۇۋادان .
تورغايلىرىم يېنىڭدا ئەگەر ،
چۇچۇك تىلدا تۇرسا چۇچۇلاپ
چېچىپ بەرگىن بىر ئوچۇملا دان .
ئېغىرلاشقان كەتمەننى يۇدۇپ ،
ئۆچراپ قالسا مىس چىراي دېھقان
يۈرىكىنى قويغىن سەگىتىپ .
ھەق جاۋابنى بەرگىن تېرىكمەي ،
كۆز جىيىكى نەملەشكەن مومام ،
سوئالىنى قويسا ئەگىتىپ .
يېتىرقىماي ئاق كۆڭۈل شائىر ،
موربلاردىن چىققان تۈتۈننى
ھىدلاپ باققىن ، قانداق پۇراق بار ؟
كەتكىن ئاندىن قۇشقا ئايلىنىپ ،
چاك-چاك كەتكەن ياداڭغۇ بارماق
ئېزىقماستىن ئۇنلەتكەندە تار !

# بۇ يەردە

بۇ يەردە
باھاردىكى تۇنجى چېچەكتەك
قىلار ھامان پاكلىق تەبەسسۇم .
غۇنچىلىغان ئەقىدىلەرنى
يۇتالمايدۇ ئاتەش ئەمگەن قۇم .

بۇ يەردە
ئەرش تامان ئۇچىدۇ پات-پات
ياش تامچىغان خامان ناخشىسى .
جۇغۇم-جۇغۇم يۇلتۇزلار توپى ،
پەرىشتىنىڭ تىزىغا قونۇپ
چۆچەك ئاڭلار ئايدىڭ كېچىسى .

بۇ يەردە
قاشتېشىدەك تۇرىدۇ چاقناپ ،
يۇرەكلەردە ئىمان ، ئېتىقاد .
تورغايلارغا قۇرۇلسا قاپقان ،
ئارسلانلار قىلىدۇ بەربات .

بۇ يەردە
«ئانارگۇل»نى ئېيتىپ ئوتتۇنچى ،
مەرۋايىتقا تولغان جاڭگالدىن
باشلاپ كېلەر ئۆي-ئۆيگە سەھەر .
تۇغار كۇندە نۇرلۇق بىر قۇياش ،
چىرايلاردىن تەپچىرىگەن تەر......

# كەنتتىكى نۇرانە قۇياش

(1)

پاكارغىنا تاملىق هويلىدىن
پارلاپ چىققان ياش مۇئەللىمە .
يۇزلىرىدەك ئوماق سۇبھىنى
ئەگەشتۇرۇپ ماڭار مەكتەپكە .
يول كىرپىكى — دوڭغاق جىگدىلەر
ۋىلىققىدە كۇلۇپ ئېگەر باش .
تىترەك ئەزگەن چېقىر كۆز ھۇۋقۇش ،
زاۋالغىچە تۆكەر قىرتاق ياش .

(2)

تارام-تارام چىغىر يوللاردىن
جىلتە ئېسىپ كەلگەن تۇمۇچۇق
ماڭار سۇبھى ئىزىنى ھىدلاپ .
ئۇ ھېلىلا سالغان چۆپ بىلەن
ناشتا قىلغان خۇش ئاۋاز قويلار ،
كۇتۇشلەرگە چۆمەر قايتىلاپ .
سەھەردىكى يۇمران چۇرۇقلاش ،
ئۇزاپ كېتەر ئۇركۇتكەن پېتى
جۇۋازچىنىڭ خىياللىرىنى .
بىر كۇلۇشكە تەشنا تۇگمەنچى
ئەسلەر يەنە بالىلىقىنى .

(3)

كۆيەر لاپ-لاپ ياش مۇئەللىمە ،
قەلبىگە دەز كەتكەن سىنىپنىڭ
يۈرىكىنى ساقايتماق ئۈچۈن .
شاۋقۇنلىغان ھايات كۆكسىدە
گۈلخانلارنى ياندۇرماق ئۈچۈن .
دەم ئالماستىن تارتىپ ئەتىر ،
غۇنچىلارغا قونار ئۇ بىر-بىر .
ئۇپراپ تېنى سوقماقلار ئارا
يۇلتۇزلارغا چېچىلار ئاخىر .



# ئۆرتىنىش

بۇ كېچە گۇرۇلدەپ كۆيمەن ئەمدى ،
ياستۇقنىڭ مەڭزىگە سىرغىتىپ ھىجران .
جىلمايغان ھەسرەتلەر قىلىپ تەبەسسۇم ،
ياپيېشىل سۆيگۈمنى قىلار لەختە قان .

يۇرەككە سانجىلىپ تۇرار تىغ كەبى ،
تويچىلار قەدىمى تاراتقان تىۋىش .
دېرىزەم تىرىقلاپ كېتەر بىرھازا ،
قوندۇرۇپ خىيالنىڭ بەرگىگە تەشۋىش .

كۆنۈپمۇ قالارمەن ھەممىگە يەنە ،
دەز كەتكەن كۆلبەمدە جىمجىت ئولتۇرۇپ .
باسارمەن باغرىمغا سۇبھىنى بەلكىم ،
ئازابنىڭ باغرىدا قايتا تۇغۇلۇپ .



# تۇرمۇش لىرىكىسى

لاۋا ئاتقان تونۇرلىرىڭنى
چۈشلىرىمدە ئىدىم كۆرمىگەن .
بۈگۈن ،
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ گۈر-گۈر ،
نان يېقىشنى ئۆگەتتىڭ لەۋەن .

كۆز ياش نېمە ، بىلمەيتتىم زىنهار ،
سىرداش ئىدىم تورغايغا پەقەت .
بۈگۈن ،
كاتىكىڭدە كەتكەچ مۈدۈرۈپ
ئۆۋا سالدى باغرىمغا ھەسرەت .

تاڭغا ئاشىق بولۇپ يارالغان ،
بىر قۇش ئىدىم ، يېگانە بىر قۇش .
بۈگۈن ،
قىسماقلىرىڭ يۇلۇپ پېيىمنى ،
قىلىۋەتتى نەچچە رەت بىھوش .

ناخشا ئېيتسام ئاڭلايتتى بۆرۈن ،
ئالقىنىمغا قونۇپ تۇمۇچۇق .
بۈگۈن ،
بۈدۈر چاچلىق دولقۇنلىرىڭغا
بولدۇم گاھى «بىغەم» ئويۇنچۇق .

گاھ كۆيدۈرۈپ ، گاھى مۇزلىتىپ ،
قىلساڭمۇ سەن مېنى خامتالاش .
بۈگۈن ،
بىلىپ يەتتىم ، قىسمەتلىرىڭگە —
چىدىغانلار تۇغار مىڭ قۇياش .



# مۇشۇ يول

مۇشۇ يولدىن كېلەر بىر تال چوغ ،
قاقشال تەنگە پۇركۇپ هارارەت .
پورەكلىگەن گۇل كەبى شۇ چاغ ،
قات-قېتىدىن كۇلەر سائادەت .

مۇشۇ يولدىن كېلەر بىر ناخشا ،
روھ قۇشۇمنى ئويغاتماق بولۇپ .
كېتەر مىسكىن قەلبىمدە شۇ چاغ ،
ھەسرەتلىرىم بىر-بىر يوقىلىپ .

مۇشۇ يولدىن كېلەر بىر قۇياش ،
قەلبىمدىكى مۇزلۇقنى كۆزلەپ .
يۈرىكىمگە قوندۇرۇپ شۇ چاغ ،
كەچمىشىمنى بېرىمەن سۆزلەپ .



# مەن يەنىلا ھېلىقى يەردە

ئۆيقۇڭ ئۇركۇپ كەتكەن كېچىدە ،
ئەسلىمىلەر كۆلۈپ غۇچچىدە ،
خەت يازماقنى ئويلىساڭ گۈلۈم ،
مەن يەنىلا ھېلىقى يەردە .

تەئەججۇپتە سورىساڭ ئەگەر ،
پەغىزىڭگە بېرىپ قونغۇدەك
تاپالمىدىم تېخى بىر قانات .
ئىشەن ، لېكىن سىر بەرمىدىم ، سىر
موخوركىغا ، مەيخانىغا ھەم
كەيپى كۆچلۈك بولسىمۇ ھەيھات .

قوش بولمىقى تەسكەن ئىنساننىڭ ،
ئۇچالمىسام كەچۈر بۇ نۆۋەت .
مەن يەنىلا ھېلىقى يەردە ،
يوللىماقچى بولساڭ ئەگەر خەت .



# سەپەر خاتىرىسى

يانماستا شەھىرىڭدە نۇرلۇق كۆلەڭگەم ،
بىلمەيتتىم مېھرىلىك زەنجىرلىرىڭنى .
يەنىلا ئامالسىز يانغاندا كېمەم
گۈلخاننى سوۋغا قىپ قايتۇردۇڭ مېنى .

باغلانغاچ بىر ئېغىر ھەسرەتكە جىسمىم ،
چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ تۇرار ھېلىمۇ .
ھىجراننىڭ گۈلىنى چېچەك ئاچۇرۇش ،
ئېھتىمال ئامەتلىك قىسمىتىدۇر شۇ .

بۇ يەردىن جىممىدە قايتىمەن ئەمدى ،
«خەير» دەپ قويماس ھەم بېكەتتە ھېچكىم .
كۆزلىرىم مۆلدۈرلەپ تۇرغىنى بىلەن ،
يۈرەكنىڭ سوقۇشى ئەمەس بېجىرىم .

بۇ يەردىن جىممىدە قايتىمەن ئەمدى ،
ھىجران توپىسىدىن ئېلىپ بىر سىقىم .
يېڭى نام ئىزدەرمەن ئۆزۈمگە يەنە ،
كاچكۇلغا تاشلانغاچ سارغايغان ئىسمىم .

# كېچە نازۇك گۈلدۈر ئېھتىمال

كېچە نازۇك گۈلدۈر ئېھتىمال ،
ھېچكىم تېخى پۇراپ باقمىغان .
يىلتىزلىرى تەنها قەلبىنىڭ
ھەسرىتىگە چىلىنىپ ياتقان .

كېچە نازۇك گۈلدۈر ئېھتىمال ،
ياپرىقىدا كۆز ياش چاقنىغان .
نەكى كۆز ياش ، شېخىدا يەنە
مونچاق-مونچاق ئۈمىد پارلىغان .

كېچە نازۇك گۈلدۈر ئېھتىمال ،
ئايازدىمۇ غۇنچىلاپ تۇرغان .
كۆلگىنىدە ئاداققى غۇنچە ،
قونار بىر قىز قەلبىمگە ھامان .



# كۆلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك

قۇش تىلىدا چېكىلمەستە تار ،
قونۇۋالسا خەتلىرىمگە قار .
سوۋغا قىلىپ بىر تۇتام باھار ،
كۆلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك .

روھ كەپتىرىم شېخىڭغا قونۇپ ،
غەملىرىڭنى يېمىسە چوقۇپ .
ھەسرەت بىلەن سۆيۈشمەي تۇرۇپ ،
كۆلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك .

بېغىڭدىكى ئوسمىدەك ئوماق ،
چىقارمىسا تەن گۈلۈم ياپراق .
يېتىرقاشنى ئۇنتۇپ ھەي قىزچاق ،
كۆلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك .



# يىقىلغان جاي

يىقىلغان جايىمنى يۇرىمەن ئەگىپ ،
يىراقلاپ كېتىشنى ئويلىغۇم يوق ھەم .
تەلىيىم بىر نۆۋەت كەلگەن بۇ يەردە ،
سەزگەنمەن ئۆزۈمنى غەيۇر ، مۆھتەرەم .

قوپقۇم بار پەقەتلا مۇشۇ جايدىن تىك ،
شېئىردىن ئۆملەپ چىققان تاڭسىمان .
شۇ كۇنى تەبەسسۇم قىلىپ ۋە يەنە ،
يەنە بىر يىقىلىشنى قىلىمەن ئارمان .



# ياۋا گۈل

ئېھ ياۋا گۈل ، بىلمەيسەن بەلكىم
يۈرىكىمدە ئېچىلغىنىڭنى .
سىم-سىم يامغۇر ياغقان كۈنى ھەم
گۈلخان بولۇپ چېچىلغىنىڭنى .

ئېھ ياۋا گۈل ، بىلمەيسەن بەلكىم
ئاي پالتىدا چېپىلغىنىڭنى .
ھەسرەت چىشلەپ قايتقاندا خېتىم ،
كۆز يېشىمغا يېقىلغىنىڭنى .

ئېھ ياۋا گۈل ، بىلمەيسەن بەلكىم
قۇش تىلىدا ئوقۇلغىنىڭنى .
بىخ چىقىرىپ قەلبىمدە يەنە
شېئىر بولۇپ تۇغۇلغىنىڭنى .



# بايرام ئۆتكۈزۈش

بۇ يىلمۇ بايرىمىم ئۆتتى جىممىدە ،
يوقلاپمۇ كەلمەستىن بىرەر ئاغىنەم .
ئويلاپقۇ باقمىدىم يىغلاشنى ئەمما ،
سۇبھىگە چىلانغاچ ئالتۇن پىيالەم .

دېرىزەم تەبەسسۇم قىلىپ شۇندىمۇ ،
كىرىشتى ئارمانلار قول تەڭلەپ مەغرۇر .
بايرام ئۇ قانداق كۈن
بىلەر ئېھتىمال
مۇئەللىم دېگەننى چۈشەنسە ئۇيغۇر .



# دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى
تەگدى ماڭا بۇقۇلدىغان خەت .
قونۇۋالدى لەپىلدەپ يەنە
يۈرىكىمگە پورەك-پورەك دەرد .

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى
سۆيدى قېنىپ مېنى قەھرىتان .
كەچمىشلەرنى قىلدى كۆمپەيكۈم ،
ئاچچىق-ئاچچىق ھۆۋلاپ شۇۋىرغان .

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى
قېرى ئارچا قالدى تېپىرلاپ .
«كۆلۈپ باققىن» دېدى ھاياتقا ،
شېئىر ئەمما مەھكەم قۇچاقلاپ .

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ ،
يېلىنجىغان پەرىزات بىلەن .
بويتاقلىققا «خوش» دەرمەن يەنە ،
ئاداققى رەت سۆيۈشۈپ جەزمەن .

ئەتە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ ،
خەرىتىدىن ئۇچقان كەنتتە .
دوستلىرىمۇ كېلەر پورەكلەپ ،
شېئىر سوۋغا قىلىشقىنىچە .

ئەته مېنىڭ تويۇم بولىدۇ ،
قۇتلار ئەمما ھەسرەتمۇ قەستەن .
ئەرلىكىمگە قول قويار ئالەم ،
ئىزلىرىمدىن نۇرلانسا ۋەتەن .



# دېھقان

سەن
قارا تۇپراقتا ھارارەت پۈركۈپ
پاتقاقتا مىلىنىپ يۈرگەن بىر قۇش .

سەن
كاچكۇلىنىڭ كۆزىدە بىخلىنىپ ئوماق
پورەكلىگەن يۇمران لىرىكا .

سەن
ئۇچۇشنى ئۆگىتىپ جىمى قۇشلارغا
ئۇچالمىغان قاناتلىق ئادەم .

سەن
مەڭگۈلۈك بەختىنىڭ رىسالىسىنى
يېزىپ چىققان كاتتا قەلەمكەش .
قەدىمىڭدىن سىرغىغان شېئىر
يۈرىكىمدە ياسايدۇ ئۆركەش .



# ئازاب شەرھى

ھەقىقىي ئازابقا ئېرىشسەڭ ئەگەر ،
سۆيۈۋەر سەن ئۇنى مەڭگۈ بىمالال .
گۇرۇلدەپ كۆيۈشۈڭ كېرەك بىر نۆۋەت ،
بەختىڭنىڭ تەمىنى تېتىشتىن ئاۋۋال .

ھەقىقىي ئازابقا ئېرىشسەڭ ئەگەر ،
ئۆزۈڭنى تەلەيلىك سانىغىن ، خالاس .
تىك تۇرۇپ ياشىماق ئۈچۈن دۇنيادا ،
ئازابتەك ئەڭ سادىق ھەمراھ تېپىلماس .

قەدىمىڭ بىر نۆۋەت بېسىلسا خاتا ،
تېڭىرقاپ تۇرماستىن ماڭغىن تىرەجەپ .
شېرىندۇر بۇ ھايات چاقچىقى بىلەن ،
ئازابىڭ ئىچىدىن چىقساڭ چېچەكلەپ .



# كۆتەر مېنى

كۆتەر سېنى نۇرلۇق چىغىر يول ،
كۆتەر مېنى ياپيېشىل ئورمان .
كۆتەر سېنى يېگانە بۇلبۇل ،
كۆتەر مېنى چاڭقىغان ئوكيان .

كۆتەر سېنى تەنھا ئۇرۇندۇق ،
كۆتەر مېنى تاتلىق پىچىرلاش .
كۆتەر سېنى ئۇماق تۇمۇچۇق ،
كۆتەر مېنى چوغدەك يېلىنجاش .

كۆتەر سېنى شېرىن كېچىلەر ،
كۆتەر مېنى يۇمران بىر قانات .
كۆتەر سېنى ئۇياتچان سەھەر ،
كۆتەر مېنى كىشنەپ ئاق بوز ئات .



# ئۈنسىز خوشلىشىش

كېتىسەن ئېھتىمال ئەتە بۇ يەردىن ،
تاڭلارنىڭ كۆكسىدىن ئۇچقان ئاق قۇدەك .
مەن تەنها قالىمەن بولۇپ كۆمپەيكۆم ،
كۆز ياشقا چىلانغان يېگانە گۈلدەك .

كېتىسەن ئېھتىمال ئەتە بۇ يەردىن ،
قىپقىزىل بىر چوغنى باغرىڭغا تېڭىپ .
مەن تەنها قالىمەن شورلۇق دالىدا ،
خورسىنىش ئىچىدە قول پۇلاڭلىتىپ .

كېتىسەن ئېھتىمال ئەتە بۇ يەردىن ،
ئېرىگەن نۇر ئىچرە يېنىك چايقىلىپ .
مەن تەنها قالىمەن ئۆزۈلگەن تاردەك ،
شېئىرىنىڭ باغرىغا ئاستا يىقىلىپ .



# ۋاپا (1)

باغلىرىمغا تولماس سۈكۈنات ،
قۇشۇمنىمۇ تاپالماس پەرياد ،
باراقسانلاپ بارار بۇ هايات ،
يۇلتۇزلاردەك ئۆچۈپ كەتمىسەڭ .

توزۇسىمۇ لەپىلدىگەن قار ،
مەن چېچەككە بولغاچ ئىنتىزار ،
روھ دەرىخىم چېچەكلەپ تۇرار ،
ئاق قۇسمان كۆچۈپ كەتمىسەڭ .

ۋىلىق-ۋىلىق كۆلەر لىرىكام ،
قۇياش بىلەن كۆتەرگەنچە جام .
سوقۇلماس ھەم روھىمىزغا تام ،
ۋاپا مەڭگۇ چۆكۈپ كەتمىسەڭ .



# ئۆتمۈشۈڭنى خازانلارغا بەر

سۇنۇپ بەر خازانغا ئۆتمۈشلىرىڭنى ،
قەلبىڭنى يورۇتار كۈمۈش تاڭسىمان .
سۇسقىنە پارلىسا چېھرىڭدە ھەسرەت ،
گال پىچاق جېنىمغا پاتىدۇ شۇئان .

قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ مېڭىۋەرگىن تىك ،
گۈللىرىم چېكەڭدە ، ساڭىمۇ ئايان .
سۆز-چۆچەك قىلسىمۇ شەيتان چىرايلار ،
سېنىلا تاللىدىم ، بىلگىن قەدىردان .

ئەنسىرەپ گۇمانغا يىقىلمىغىن ھەم ،
شائىرنىڭ نامەردكە ئالدانماس ھامان .
قۇم باسار ئۇنتۇلغان يارا ئىزىنى ،
بولمىسا ھاياتقا قايغۇ ھۆكۈمران .

تەبەسسۇم تاراتقان پەسىللەر ئارا ،
كۈلكەڭدىن شىركەيىپ بولسۇن بۇ جاھان .
گۈل چىشلەپ كېلىدۇ بىز ئۈچۈن ئەتە ،
بۈگۈننى ئەزىزلەپ سۆيسەك جانىجان .

# ئۇچۇپ كەتتىم باغرىڭدىن ئانا

ئۇچۇپ كەتتىم باغرىڭدىن ئانا ،
مۇڭسىرىغان سەھراغا قاراپ .
كۆز ئېقىنڭدەك سۇزۇك سەھەردە .
سەپىرىمگە تىلەپ خەيرلىك ،
سەن يەنىلا قالدىڭ يېگانە
كۆڭلى يېرىم بولغان قەسىردە .

ئۇنتۇماستىن شۇندىمۇ ئەمما ،
پورەك-پورەك ئارمانلىرىڭنى
سوۋغات قىلىپ سۇندۇڭ قەلبىمگە .
دېدىم مەنمۇ : «ئامان بول ، ئامان !»
ياماشسىمۇ بىر تىزىق مارجان ،
قوي كۆزۈمنىڭ جىيەكلىرىگە .

مەن مۇنبەردە كۆيەرمەن گۇر-گۇر ،
دەستە-دەستە سېغىنىش يوللاپ
زارىقىشتا ئۆتكەن كۈنۈڭگە .
جېنىم ئانا ، بولغايسەن رازى ،
چاراقلىغان تولۇن ئايسىمان —
يۇلتۇزلارنى يىغىپ چۆرەمگە ،
كىرەلىسەم تاتلىق چۈشۈڭگە .

# گۈلۈمگە

ھاياتنى قۇچاقلاپ سۆيمىسەڭ گۈلۈم ،
گۈللەرنىڭ لېۋىدە ئۇيۇپ قالار مۇز .
يېگانە قۇشقىچىم قالار كېكەچلەپ ،
قار تولغان باغلاردا قالغاندەك يالغۇز .

ھاياتنى قۇچاقلاپ سۆيمىسەڭ گۈلۈم ،
خەنجەرنىڭ ئۇچىدا تىلىنار يارام .
تۆكۈلەر مەڭزىمدىن چېچەك پىلدىرلاپ ،
ناتىۋان يۈرىكى بولۇپ بىئارام .

ھاياتنى قۇچاقلاپ سۆيمىسەڭ گۈلۈم ،
كۆكسۈمدە داپ چېلىپ ئوينار زىمىستان .
ھاياتنى ئۇششۇمەس ئەتىرگۈل ساناپ ،
ئاخىرقى دەمگىچە سۆيگىن قەدىردان .



# خارلانغان ئەقىدە

خارلانسا مۇبادا يۇمران ئەقىدەم ،
بەختىڭنى تىلەرمەن ئۆكسۈپ تۇرۇپمۇ .
قالارمەن نۇرسىمان سۆيگۈم بىلەنلا ،
ھەسرەتلەر قەلبىمدە گۈل بوپ ئۈنسىمۇ .

خارلانسا مۇبادا يۇمران ئەقىدەم ،
مۇز بولۇپ قاتارمەن يەنە بىر نۆۋەت .
قىيا تاش ، بوز تورغاي ، قارلىق دالىلار ،
ئەڭ يېقىن سىردىشىم بوپ قالار پەقەت .

خارلانسا مۇبادا يۇمران ئەقىدەم ،
كېتەرمەن بۇ يەردىن كۆك كەپتەر بولۇپ .
ۋە لېكىن قەلبىڭنىڭ زۇلمەت بېتىدە ،
بىر مىسرا شېئىرىم تۇرار ئوقۇلۇپ .



# كەلمىش شەپىسى

تاشلىنار باغرىمغا بىر كۈن ئېھتىمال ،
سەن ئەمەس ، قۇياشتىن تامچىغان شېرىن .
تاشلىنار باغرىڭغا بىر كۈن ئېھتىمال ،
مەن ئەمەس ، ناتونۇش يىگىتنىڭ بىردىن .

ۋە يەنە تويۇممۇ بوپ قالار تېخى ،
قار گۈلى مىنگەشكەن گۈلگۈن قەسىردە .
ۋە يەنە تويۇڭمۇ بوپ قالار تېخى ،
يوپۇرماق قۇش بولۇپ ئۇچقان پەسىلدە .

ئۇنتۇلار رەڭلەرنىڭ جىلۋىسىمۇ ھەم ،
ئۆزگىچە تۈس بېرىپ ھايات يولۇڭغا .
ۋە لېكىن سەن سالغان دەھشەتلىك قىسمەت ،
قىزىمدىن يانمىسا دەيمەن ئوغلۇڭغا .



# مەغلۇپ بولساڭ سۆيگۈدە ئەگەر

مەغلۇپ بولساڭ سۆيگۈدە ئەگەر ،
«زەخمەت چەكمە ، بولما بىئارام .»
ئارغىماقتەك مېڭۋەرگىن تىك ،
قىلىشسىمۇ سۆز-چۆچەك ئاۋام .

مەغلۇپ بولساڭ سۆيگۈدە ئەگەر ،
تىللىمىغىن مەشۇقۇڭنى ھەم .
ياشار ھەممە خاھىشى بىلەن ،
قۇيۇلسىمۇ يۇرىكىگە غەم .

مەغلۇپ بولساڭ سۆيگۈدە ئەگەر ،
ئۇندى دېمە يۇزۇڭگە قارا .
قەلبىڭنى ھەم ساناپ ئاق قەغەز ،
جەسۇر قەدەم تاشلا ھاياتقا .



# خەير-خوش قارا كۆز تۇمۇچۇقلىرىم

(ئوقۇغۇچىلار خاتىرىسىگە)

ئايرىلىش تىغ تەڭلەپ كەلگەچ بۇ سائەت،
ياغماقتا كۆز يېشى باغرىمغا سىم-سىم.
دېدىم ۋە ئامالسىز قول پۇلاڭلىتىپ،
خەير-خوش سىلەرگە تۇمۇچۇقلىرىم.

خەير-خوش باغرىمدىن ئۇچقان لىرىكا،
خەير-خوش غۇبارسىز بىر تىزىق مارجان.
خەير-خوش شوخلۇققا ھېرىسمەن دولقۇن،
خەير-خوش ئەتىگە تاشلانغان گۈلخان.

خەير-خوش پەر قېقىپ ئۇچقان يوپۇرماق،
خەير-خوش جۇدۇنغا ئوت ئاچقان يىلتىز.
خەير-خوش مەڭگۈلۈك يېشىل تەبەسسۇم،
خەير-خوش چۇشۇمگە تامغان مەسۇم ئىز.

بىلىمەن سىلەر يوق بۇ يەردە ئەمدى،
قالىدۇ ۋە لېكىن مۇڭلانغان ئۇۋا.
قالىدۇ چىلىنىپ ھەسرەت سۈيىگە،
سىلەر كۆپ سىرداشقان يېگانە ئارچا.

قالىدۇ بۇقۇلداپ سۆيۈملۈك سىنىپ،
قالىدۇ ئىسمىڭلار ئويۇلغان پارتا.

قالىدۇ ئۇنلەشتىن تېرىككەن تۈت تام ،
قالىدۇ ھىدىڭلار تىترەتكەن دوسكا .

قالىدۇ سىلەر سۇ قۇيغان مەجنۇنتال ،
قالىدۇ ئىزىڭلار تۆكۈلگەن مەيدان .
قالىدۇ يۈرىكى سوۋۇماس قۇياش ،
ئۇندۇرۇپ قەلبىڭلار كۆككە ئارمان .

ئاداققى سۆزۈم شۇ : ھايات كۆكسىدە ،
ياشاڭلار غۇرۇرنى چاقنىتىپ ۋال-ۋۇل .
ساداقەت يار بولسا يۈرىكىڭلارغا ،
گۈل تۇتار نۇزۇك ۋە سادىر ئېھتىمال .



# ئانا قۇش لىرىكىسى

(ئانا مەكتىپىم گۇما ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

ئەسسالام ئانا قۇش ، ئەزىز ، مۆھتەرەم ،
ئۆستۈردۈڭ مېھرىڭنىڭ سۈيىدە مېنى .
چېكەڭگە بىر تال گۈل قىسمىغان بىلەن ،
سۈبھىدەك تۈيغۇدا كۈيلەيمەن سېنى .

كۈيلەيمەن مۇنبەردە گۈرۈلدەپ كۆيۈپ ،
قۇياشقا ئايلانغان باھادىرىڭنى .
كۈيلەيمەن تۇزاننىڭ ئۆركەشلىرىدىن ،
بالقىغان نۇرانە كېلەچىكىڭنى .

كۈيلەيمەن باغرىڭدا پورەكلەپ تۇرغان ،
مەڭگۈلۈك باھارنىڭ جەزبىسىنى .
كۈيلەيمەن ناتىۋان ياپراقلىرىڭنىڭ ،
ھېكمەتكە لىق تولغان خەزىنىسىنى .

كۈيلەيمەن چۈشۈمنىڭ دېرىزىسىگە ،
ھەر كېچە باش تىققان قىرىق «قۇشقاچ»نى .
كۈيلەيمەن چېچىكىم تۇزۇغۇچە تا ،
«پەرۋازغا قاندۇر» دەپ يۈرىكى ئاچنى .

ئەسسالام ئانا قۇش ، ئەزىز ، مۆھتەرەم ،
سۇبھىدەك تۇيغۇدا كۈيلەيمەن سىنى .
ئۆتسەممۇ بىر ئۆمۈر بولۇپ مۇئەللىم ،
يازىمەن سەن ئۈچۈن شېئىرلىرىمنى .



# سەن بولمىساڭ

سەن بولمىساڭ ماڭا ئەزىزىم ،
ھەمراھ بولماس روھىمغا پەرۋاز .
ئۈششۈگەندەك تەبەسسۇم گويا ،
پورەكلىمەس زىننىخىمدا ياز .

سەن بولمىساڭ ماڭا ئەزىزىم ،
ئوۋلاپ قاچار تاڭلىرىمنى تۈن .
قار باسقاندەك كوكاتلىرىمنى ،
تۈيغۇلىرىم مۇزلايدۇ پۈتۈن .

سەن بولمىساڭ ماڭا ئەزىزىم ،
قۇچاقلىماس مېنى مۇھەببەت .
بىلمەس بەخت ئادرېسىمنى ھەم ،
يالىمغاندەك ئالەمنى ھەسرەت .

ئېسىمدە
ئاي چېچەكلەپ قالغان كېچىدە
ياسىغىنىڭ باغرىمغا ئۇۋا .
سەمەندەردەك چوڭكەنلىرىڭ ھەم ،
گۈرۈلدىگەن يالقۇنلىرىمغا .

ئېسىمدە
بۈرۈتلىرىم كەتسە سانجىلىپ ،
چىمدىغىنىڭ مەڭزىمنى شېرىن .

شىرىققىدە چۈشسە يوپۇرماق ،
ئۈركۈگىنىڭ ۋە يەنە بىردىن .

ئېسىمدە
ياشتەك پارلاپ قالغاندا بېكەت ،
يامغۇر بولۇپ ياغقىنىڭ سىم-سىم .
چۆچەك بولۇپ قالماقتا ئەمدى
ئوغۇزدەك پاك ، ساددا كەچمىشىم……



# ھەي قىز

بەر قولۇڭنى سۆيۈملۈك قىزچاق ،
مەيخانىدىن ئەكېتەي سېنى .
ئىچكۈم كەلمەس بىلسەڭ مېنىڭمۇ ،
كۆز ياشلىرىڭ تامغان شارابنى .

سەھرا تامان ئۇچقىن مەن بىلەن ،
تاراپ قويسۇن ئانام چېچىڭنى .
ئۆتمۈشۈڭگە دېگىن : «ئەلۋىدا !»
ئۆرتىمىسۇن ھەسرەت ئىچىڭنى .

بېغىمدىكى يۇمران ئوسمىمۇ
تەشنا سېنىڭ قەدەملىرىڭگە .
يېچىرلىشى چىمبۇلاقلارنىڭ
شىپا قىلار ئەلەملىرىڭگە .

يېتىرقىما سۆزۈمدىن زىنھار ،
جىمى قەلب ئەسلىي بىر ۋەتەن .
ئۇنتالمىساڭ ئۆكسۈشلىرىڭنى ،
يۇيۇۋېتەي شېئىرىم بىلەن .

# سالام ساڭا ئەخمەتجان تۇرۇپ

تىلىنغان باغرىڭدىن شېئىر ئاختۇرۇپ ،
سەن يەنە بۇ يىلغا چىقتىڭ سالامەت .
باغىقىڭ قۇش بولۇپ ئۇچمىغان بىلەن ،
قىلمىدىڭ سۆيگۈگە زىنھار خىيانەت .

تىك تۇرۇپ قولۇڭنى ئۇزاتتىڭ تېخى ،
يېشىڭغا قوشۇلغان بىر تامچە دەردكە .
قالسىمۇ ئىلكىڭدە قىرچالغان تەلەي ،
ساتمىدىڭ غۇرۇرنى پۇلغا ، شۆھرەتكە .

قەلبىڭدە كۆكلىگەن دوستلىرىڭ شۇ دەم ،
تويۇڭنىڭ غېمىدە ئۆتەر قايغۇرۇپ .
يېگانە قالساڭمۇ دەيمىز روھىڭغا ،
ئەسسالام ، ئەسسالام ، ئەخمەتجان تۇرۇپ .



# نورۇزغا خەت

قوي بېشىڭنى باغرىمغا نورۇز ،
قاقشال تېنىم چىقارسۇن ياپراق .
سەن ئىسمىمنى بىلمىگەن بىلەن ،
مەن ئىشقىڭدا تاشلىدىم قاسراق .

چېچەكلىسۇن گۇلدەك ھۇپپىدە ،
يۈرىكىمدىن ئۇچقان سېغىنىش .
كەتسۇن ھاسا تايانغان پېتى ،
پاك تەنلەرگە يىڭنە سالغان قىش .

غېرىبسىنىپ قالغان باغلارنى
قۇچاقلىسۇن ئوتلۇق نازاكەت .
بۇلاقلارنىڭ شەھلا كۆزىدىن
چاچراپ چىقسۇن يېشىل مۇھەببەت .

كۆزنەكلەردىن چىقىپ غىپپىدە ،
ئۆي-ئۆيلەرنى يوقلىسۇن باھار .
كۆز يېشىنى توختاتسۇن بىرپەس ،
كېچىلەردە بۇقۇلدىغان تار .

سۆيسۇن قېنىپ تاقىر دالىلار ،
ئارغىماقنىڭ تۇياق ئىزىنى .
بەيگىلەرگە سالسۇن ئانىلار ،
نۇزۇگۇمدەك ئۆسكەن قىزىنى .

بېدە تېرىپ كەلگەن باللار ،
تويۇۋالسۇن نورۇز ئېشىغا .
پاقلان گۆشى تەگسۇن بىر نۆۋەت ،
تاش چاينىغان دېھقان چىشىغا .

توغراققا جان بەرگەن يۇرۇڭقاش ،
مۇقامنى ئېيتسۇن ئۆركەشلەپ .
روھىمىزنى يۇيۇپ قوي ئاندىن ،
كۆيسۇن نىزا ، كۆيسۇن گۇرۇلدەپ .



# مۇئەللىم بولغان ئۇيغۇر بالىلىرى

(1)

مۇئەللىم بولغان ئۇيغۇر بالىلىرى ،
قۇشلىرىنى يىغىپ چۆرىسىگە ،
قاق سەھەردە ماڭار مەكتەپكە ،
ئۇچار گاھى كېۋەزلىك تامان ،
غوزا قاھ - قاھ ئۇرغان پەسلدە .

چۇرۇقلاشقان ئوماق قۇشلارنىڭ ،
سىڭەر چېكىم-چېكىم ئىزلىرى
كېۋەزلىكنىڭ زىننىخلىرىغا .
دائىم مۇنبەر ئۈستىدە ئەمەس ،
كۆيەر مۇئەللىم ئېتىزلىقتىمۇ ،
چىلان تۇپراق كۆيگەندەك گويا .

(2)

مۇئەللىم بولغان ئۇيغۇر بالىلىرى ،
قاقشىسىمۇ گاھى تەقدىردىن
كۆنۈپ كېتەر ئاخىر ھەممىگە .
مەن بىلىمەن ، مۇنبەر ، ئېتىزدا ،
قالغان ئىزلار بولۇپ ئۇچۇرما
ئېلىپ كېتەر ئۇلارنى بىر كۈن ،
كۈن بالقىغان نۇرلۇق پەسلگە .

# كىرپىكتىكى قار

قونغان بولسا كىرپىكىڭگە قار ،
مەن ئىسىڭدىن كەچتىم ئېھتىمال .
قەلبىم تامان پەر قاققاندۇر ھەم ،
تۇمۇچۇقتا ئايلانغان خىيال .

شېئىر ئوقۇپ بەرگەندۇ تېخى ،
يانۋاردىكى يالىڭاچ ئورمان .
قۇچاقلىغۇڭ كەلگەندۇ بىردىن ،
كۆرۈنسە ئۇ مەندەك قەدىردان .

ئېچىلغانسەن بولۇپ قار گۈلى ،
ئىچ-ئىچىڭدىن ئۆرلەپ ھاياجان .
ئەمما ، مەنچۇ ياشىماقتىمەن ،
سەن بىلمەيسەن ، شۇنچىلىك سەرسان !



# ئادارگۈل

يېگۈزگىنىڭ بولدى ئوت-ئاتەش ،
پۇراقىنىڭ سەۋدا چېچىكى .
دولقۇنۇڭغا مىنگىشىپ ئۈزدۈم ،
يوقكەن بىراق باغرىڭنىڭ چېكى .

قاناپ كەتسە تىلىكىم ئەگەر ،
لەۋلىرىڭدىن تېمىتتىڭ مەلھەم .
يوپۇرمىقىم سارغايسا بىۋاق ،
يامغۇرۇڭمۇ بولدى ئاھ ھەمدەم .

رەڭ ئالسىمۇ سامان چېھرىمدىن ،
لاچىن سوققان توشقان ئەمەسمەن .
مەن ھىجراننى تەرك ئەتكۈچە ،
قۇلىقىمدىن كەتمىسەڭ دەيمەن .



# ئۆگىنىپ قوي قانداق ياشاشنى

سىڭىپ كېتەي دېسەڭ چېچەككە ،
يىلتىز تارتاي دېسەڭ يۈرەككە ،
يەم بولۇشتىن قاچساڭ تۈتەككە ،
ئۆگىنىپ قوي قانداق ياشاشنى .

ئۆتتۈپ كەتسە سېنى مۇھەببەت ،
تاشقىنلىسا قەلبىڭدە ھەسرەت ،
ۋىسال پەسلى ئاچمىسا بىر بەت ،
ئۆگىنىپ قوي قانداق ياشاشنى .

ئاقاي دېسەڭ زامانلار ئارا ،
تاشاي دېسەڭ فونتانلار ئارا ،
ياشناي دېسەڭ گۈلخانلار ئارا ،
ئۆگىنىپ قوي قانداق ياشاشنى .



# ئەسلە ئەگەر ئۈنتۇيالمىساڭ

تۇتۇپ قالغۇم بولسىمۇ سېنى ،
كەتسەڭ «خەير» دەيمەن تىك تۇرۇپ .
بولماس سۆيگۈ مەڭگۈ باراقسان ،
پىچىرلاشسا يۈرەك زورۇقۇپ .

بار ئەيىبنى تاڭمايمەن ساڭا ،
قارغىمايمەن ئۆزۈمنىمۇ ھەم .
بولسا كۆڭلۈڭ ئەگەر ئاق قەغەز ،
ئۈنۈت ئات يۈز لۈكچەكنى ئەركەم .

ئۈنتۇپ كېتىش قىيىن شۇ قەدەر ،
ئەسلە ئەگەر ئۈنتۇيالمىساڭ .
كەچمىشلەردە چوغ بار ئېھتىمال ،
شۇ كۈنلەرنى قۇچاقلاپ باقساڭ .

ئەسلىمىمۇ ئازابتەك تاتلىق ،
ئەسلىگۈدەك يېرى بولسىلا .
ئەمما چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتسەڭ ،
ئىسمىمنى سەن پىچىرلاپ سالما .

ئەھمەد يۈسۈپ سەرداھى

# كۆيۈكنامە

# ئاينىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى

كۆكلىگەندە ۋاقىت دەرىخى ،
ئېتەكلىرىڭ گۈلگە لىق تولدى .
تۈندەك قارا چېچىڭدا دىلبەر ،
سۇنىڭ يۇمران قوللىرى قالدى .

يىرتىپ قات-قات كىيىملىرىنى ،
ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا تام .
دېرىزەڭنى چېقىپ كىرمىدىم ،
گۈلدەك قىزىل قانىدى ناخشام .

ئاينىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى ،
كۆز يېشىمدا ئاقىدۇ لەيلەپ .
مەن قولۇڭنى تۇتقۇچە دىلبەر ،
سەن ھاياتنى ماڭدىڭ يېتىلەپ .

شۇۋى قەدىر ئۆتتۈلدى بۇ دەم ،
چوغلانغىنى كىمنىڭ سايىسى .
ئېھ ، كۆزۈڭدەك سۇزۇك سەھەردە ،
پورەكلەيدۇ جانىنىڭ نالىسى !

# باھار كەپتۇ، تۇيدۇڭمۇ دىلبەر

چاچلىرىڭنى قىرىق تال ئۆرۈپ،
سەن ئېسىمگە يېپىلغان سەھەر.
قوش يۈرىكى يېشىل يوپۇرماق،
باھار كەپتۇ، تۇيدۇڭمۇ دىلبەر؟!

قۇياش كۆيگەن شۇرمەللەردە چوغ
ۋە باغرىمدەك ھوردالغان تۇپراق.
باھار...... ! دېدىم، ئېچىلالمىدىم،
سەنسىز جاندا تىك تۇردى پىچاق.

يالغۇزلۇقنىڭ سۇنۇق شېخىدا،
شاماللاردەك بولدۇم يالىڭاچ.
چېچەكلىسەڭ ئۆلۈپ كېتىمەن،
ئىشىك ئەمەس، نەق باغرىڭنى ئاچ...... !

باھار كەپتۇ، تۇيدۇڭمۇ دىلبەر،
تۇيۇپ تۇرۇپ كۆلدۇڭمۇ دىلبەر......؟!



# بۇ كېچە ھاياتنى ياشاپ تۇگەتتىم

بارى شۇ بىر پارچە ئېتىزغۇ تۇرمۇش ،
كەتمەننىڭ سېپىدە چېچەكلەيدۇ جان .
ئۆزۈمنى ئۇنتۇشقا ھەققىم بارمىدى ؟ !
بۇغدايدەك سارغىيىپ پىشماقتا ھىجران .

خىيالدەك بولۇق ھەم كۆكۈلدەك سۇنۇق ،
ئىچىمدە ياتىدۇ چەكسىز قاقاسلىق .
ئوت كەتكەن دەريادا سۇنىڭ يارىسى ،
يىقىلغان دەرەخنىڭ قەدرىدىن ئۇللىق .

بۇ كېچە ھاياتنى ياشاپ تۇگەتتىم ،
لېۋىمدە كۆيۈكنىڭ يارىسى قالدى .
ھەم سۇندى قاراسلاپ تىل دەرەخلىرىم ،
نەمدەلگەن كۆزۈمنىڭ قارىسى قالدى .

ئىشىكىمدىن توزۇغان قەدەملىرىڭگە ،
يېشىمدەك تاراملاپ چۈشىدۇ يامغۇر .
مېھرىڭگە زار بولغان ئالقىنىم گويا ،
پورەكلەپ ئېچىلغان بىر پارچە چوغدۇر .

# يازدىكى سېغىنىش

يازدەك يۇمشاق خىياللىرىمنى ،
يار تېنىڭدە ئاپتاپقا سالدىم .
قەدىمىڭنىڭ بالاغىتىدىن ،
بىر پىيالە مېھرىمنى ئالدىم .

ئېچىپ قويدۇم ئىشكىمنى قىيا ،
دېرىزەمگە گۈللەرنى تىزدىم .
تۇيغۇمنىڭ ئاق تېمىغا جېنىم ،
بولدۇقلىغان كۆلكەڭنى سىزدىم .

كەلمىدىڭ ھېچ ، نە سەۋەب باركىن ؟
غەم تېغىڭدىن ئوتقا سىيرىلدىم .
ئېرىقىڭدا ئاقماس بولدى سۇ ،
نەچچە ئۆلۈپ ، نەچچە تىرىلدىم !



# كۆنۈش

رېئاللىق پىچاقتەك تۇرار سانجىلىپ ،
چېچىڭدەك قاراڭغۇ خىياللىرىمدا .
يامىغان كۆڭۈلدە ئۈنلەيدۇ دەمدەر ،
قۇرۇغان دەرياغا كۆزلىرىم گۇۋاھ .

سۈكۈنات شېخىدا يالىلدايدۇ چوغ ،
بەرمىدىم بىر تامچە يېشىمنى تاشقا .
بىقوۋۇل تېنىمنى يىرتىپ تاشلىدىم ،
سايدىكى تاشلارنىڭ چاڭقىشى باشقا .

توغراقنىڭ يېشىنى ساناپ چارچىغان ،
تاشلاندۇق ئەڭ كونا قەلئەدۇر باغرىم .
يارىدار كۈنلەرگە پاسباندۇر ھەي ،
مېھرىڭگە قانمىغان بۇ كۆڭۈل جېنىم .

قىسقاندا قىسمەتنىڭ قىسمىقى قىرىق ،
چېچىڭغا ئېسىلىپ ، لېۋىڭدە ئۆلدۈم .
پورەكلەپ ئېچىلدى يۈرەك يارىسى ،
ئەي دىلبەر ، شۇندىمۇ ھەممىگە كۆندۈم !

# بالاغا قالدىم

ھاياجان نازىغان جانىنىڭ شولىسى ،
قاراڭغۇ كۆزۈڭدىن تۇرار تۆكۈلۈپ .
سەن مەندىن ئالىسەن ئەشەددىي قىساس ،
چېچىڭدا مىڭ ئەرنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ .

تېنىڭنىڭ ئەۋجىدە دۇتارنىڭ ئاھى ،
مەن مەشرەپ چۆلىدە ساپايى چالدىم .
قان تامغان خەنجىرىڭ بىسىدىن چۈشسەم ،
لېۋىڭدە بىر تال خال...... بالاغا قالدىم !

نە قىلاي چوغدانغا ئايلانسا كۆڭۈل ؟ !
ھاياتنى باغاشلاپ سۆيدۈم سېنى دەپ .
ھىجرانىڭ تەڭلەكلىك بېشىمغا يارەب...... !
كۆل-قوقاس ئىچىدىن چىقسام ئۆمىلەپ .



# مەن سېنىڭ يېنىڭدىن ئۆتۈپ بولغۇچە

سۆيگۈ ئۇ لاۋۇلداپ ئۆچمەيدىغان ئوت ،
كۈل بولۇپ توزۇدى ئاخىرقى كېچە .
دۇنيانىڭ تىنىقى توختايدۇ بىرپەس ،
مەن سېنىڭ يېنىڭدىن ئۆتۈپ بولغۇچە .

ۋاقىتنىڭ تىلىدا سايرار تەبەسسۇم ،
ئېسىمنى ئۆلتۈرەر قىرىق تال چېچىڭ .
كىرپىكىڭ سانجىلغان باغرىم قان-يارا ،
مېھرىمگە تەڭلەكلىك قىلىچتەك قېشىڭ !

ئىككىمىز ئارىسى شۇ قەدەر يېقىن ،
چاراسلاپ يانىدۇ گۈزەل ھاياجان .
ھېسلارنىڭ ئەۋجىگە قولۇمنى سوزدۇم ،
قۇشقاچنىڭ كۆزىدە قارايدى ئاسمان .

بىر غېرىب ناخشىدەك بىلىندى ھايات ،
كۆڭۈلنىڭ شېخىغا قوندى ئاپپاق قار .
تۇيغۇمنىڭ چېقىلغان دېرىزىسىدە ،
ئالتۇن رەڭ چېچىنى تارايدۇ نىگار !

# دىلبەرنىڭ چېچى

چوغلانغان يۈرەكنى سەگىتىپ بىرپەس ،
ئەجەمنىڭ ئەۋجىدە تىترەيدۇ زىل تار .
چېچىڭدىن ئۆرگۈلەي ، چېچىڭدا دىلبەر —
مەن تېخى ماڭمىغان ئۇزۇن بىر يول بار .

جىگدىلەر ساپسېرىق تۇرار پىچىرلاپ ،
ئەي دىلبەر ، تىنىقىڭ ئوت بولدى چوقۇم .
قىرىق تال ئۆرۈلگەن چېچىڭنى سىلاپ ،
شوخ شامال توساتتىن يىغلايدۇ يۇم-يۇم .

چېچىڭنىڭ قارىسى كۆيۈك باياۋان ،
مەن ئاڭا باغرىنى ياققان سەمەندەر .
يۈرەككە سانجىلدى خەنجەرنىڭ ئۇچى ،
تەن-تەنگە سىركىلىپ ئۆتكەندە دىلبەر .

سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى چەكسىز شۇ قەدەر ،
ئېھ دىلبەر ، مەن غېرىب ، سەن بولغىن سەنەم ،
باھارنىڭ شېخىدا كۈلمەمدۇ چېچەك ،
چېچىڭنىڭ دارىغا ئېسىلىپ ئۆلسەم...... !

# دىلبەرنىڭ كۆزى

كۆڭۈلنىڭ ئالتۇن رەڭ جىيەكلىرىنى ،
قىپقىزىل قان قىلىپ ئۆتتى بىر قەرنە .
يوپۇرماق ئۇچۇشنى بىلمەيتتى ، ئاخىر —
دەرەخنىڭ ھەسرىتى كۆكلىدى يەنە .

ئېتىمنى يېتىلەپ كېچىدىن چىقتىم ،
ياردار كېيىكتەك كۆيمەكتە سەھەر .
دىبلەرنىڭ كۆزىدە بىر تامچە كۈلكە ،
جاراڭلاپ تۇرىدۇ جېنىمغا قەدەر .

باھاردەك ياپيېشىل ئىدى رىۋايەت ،
شۇ قەدەر چىرايلىق چېچەكلەر ئۆلۈم .
دېڭىزدەك چوڭقۇر ۋە تۇندەك قاراڭغۇ ،
دىلبەرنىڭ كۆزىگە ئۆزۈمنى كۆمدۈم .

رېئاللىق گاھىدا شۇنداق رەھىمسىز ،
ئاشىقنىڭ يېشىدا يۇيۇنار ئۆزى .
قېنىمدەك قىزارغان يۈرەكنى بۇ دەم ،
قاق قىلىپ قۇرۇتتى دىلبەرنىڭ كۆزى !

# تەلپۈنۈش

خىيالدەك توزۇغان قۇشنىڭ پېيىدە ،
تەبىرسىز چۈشىنى يەلپۈيدۇ توغراق .
ئېھ ، كۆيۈك تەبەسسۇم سۇنغاندا چۆل-چۆل ،
چوغسىراپ ھاياجان چاقنايدۇ قۇرغاق .

ھېسلارنى تىترەتكەن گۈزەل تەلپۈنۈش ،
كېچىنىڭ لېۋىدە قانايدۇ جىمجىت .
جاراھەت كۆزىدىن تەپچىرەيدۇ قان ،
سائەتنىڭ تىلىدا ئۇنتۇلغان چېكىت .

سوۋۇغان ئاي نۇرى كۆيمەكتە سۈزۈك ،
كۈل بولدى بىر تال گۈل سوئال رەڭگىدە .
نەقەدەر يېقىملىق يارنىڭ تىۋىشى ،
يىلاندەك چىرمىشىپ تۇرغان ئىشىككە .

كۈتۈشنىڭ چۆلىدە سۇندۇم قاراسلاپ ،
يۈرەككە تاش ئاتقان سەنمىدىڭ ، ئۇ كىم ؟ !
مەي بولغان سەزگۈمدە مەيۈس تېڭىرقاش ،
سەن بولغىن ! باغرىمنى ياراي دىلبىرىم......

# قايتىش ناخشىسى

رىيازەت چۆلمۇ گۈزەل بەزىدە ،
ئازابىنىڭ ئۇتىدا كۆيۈپ ئۆلدى كىم ؟ !
سۆزلەيدۇ سۆيگۈنىڭ رىسالىسىنى ،
كۆز بىلەن كۆڭۈلنىڭ ئارىسى جېنىم .

كۆرۈشكە نە هاجەت بىر ئېرىق سۇدىن ،
ۋاقىت دەريخىنىڭ قۇرۇشلىرىنى .
هاياتنىڭ تەمىنى سېزىسەن بەلكىم ،
تەڭشىسەڭ كۆلكىنىڭ خۇرۇجلىرىنى .

كۆزۈڭنىڭ قاراڭغۇ بوستانلىقىدىن ،
سۆيۈلۈش ئىستىكى تاشار بۇلدۇقلاپ .
سەن كىرگەن يوللاردا ئۇنگەندە تىكەن ،
سۆيىسەن ئۆزۈڭنى يېنىش-يېنىشلاپ .

قەهرىڭنى بىر لەهزە ئۆتەر تىترىتىپ ،
تۇرمۇشنىڭ چىرايلىق يېتىرقاشلىرى .
قەلبىڭنى گاهىدا سالار لەرزىگە ،
شامالنىڭ دەرەخكە پىچىرلاشلىرى .

بۇ هايات ئەتىرگۈل بەرگىگە قونغان
بىر تامچە قەترىدۇر ، تۇرار لىغىرلاپ .
تاغلاردەك ئېگىزلەپ كېرىلسەڭ گاهى ،
گاهىدا باغلاردىن چىقىسەن يىغلاپ .

سەن ۋە مەن يىغلاشنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ،
ئۆمۈرنىڭ بېغىدا پورەكلەيدۇ قىش .
بۇ ھايات ئاشۇنداق بىلسەڭ ئەسلىدە ،
كۈلكىنى ھاپاشلاپ ئۆلۈمگە قايتىش !



# ئۆزىتىش

ئېھ ، ئۆزۈمدەك مۇزلىغان شەھەر ،
چايقىلىدۇ بېكەت كۆزىدە .
بېلەتچى قىز بەكلا ئالدىراش ،
بەلكىم مەن يوق ئۇنىڭ قەلبىدە .

ئامالسىزمەن گۈلۈم ، بېكەتنىڭ
مېھمىنىغا كەتتىڭ ئايلىنىپ .
خىرىس قىلار ئەنە ئاپتوبۇس ،
يۈرىكىمنى كەتمەككە ئېلىپ .

يېپىلماقتا ئارىغا سۈكۈت ،
تېپىرلايدۇ گۈلگۈن ئەقىدە .
گۈركىرىگەندە توساتتىن موتور ،
يىقىلىپ چۈشسەم كۈتۈش ئۆيىدە ،
كېتىۋەرگىن ، كەتكىن جىممىدە……



# سېنتەبىردە يالغۇز قېلىش

سۈكۈت ئىچرە چىگىدىلىمەن تۆت تامغا چەكسىز ،
چۈشلىرىمنى يەلپۈپ ئۆتەر مۇڭلانغان سەلكىن .
ئەي ، شېخىمدىن ئۈزۈلگەندە بەڭباش يوپۇرماق ،
قونۇۋاپتۇ دېرىزەمگە يۈلتۈزۇم غەمكىن .

بۈگۈن تويۇڭ — سېنتەبىرنىڭ ئونىنچى كۈنى ،
يوق قولۇمدا ساڭا ئاتاپ تىزغان ئەتىرگۈل .
قاقلانغاندا چوغلىرىڭغا كەتتىم پاراسلاپ ،
تۇزۇماقتا كۆيۈپ تۈگەل يۈرىكىمدىن كۈل .

سېنتەبىردە سەن كوچامدىن ئۆتتۈڭ خىرامان ،
سىڭمەكتىدۇر ئاينىڭ سۇنۇق نۇرى كۆزۈمگە .
چىلاپ قويۇپ مېھنىتىمگە يالغۇزلۇقۇمنى ،
«قۇتلۇق بولسۇن بايرىمىڭغا !» دېدىم ئۆزۈمگە……



# کۆيۈكنامە

غېرىبلىقنىڭ غەملىرىگە سۈركىلىپ جىمجىت ،
تەۋرىنىدۇ ئاي نۇرىدا يالغۇز ئورۇندۇق .
چۈشكەندە ئەڭ ئاخىرقى چۈشنى كەچ كۈز ،
قان ئەكسىدە چاقنار غۇۋا سۈزۈلگەن ئۇپۇق .

چايقىلىدۇ قارىچۇقلاردا مىسكىن چىغىر يول ،
يالتىرايدۇ سىم-سىم يامغۇر قۇشنىڭ كۆزىدە .
تىلەكلەردەك سارغايغان ئۇ سەرسان يوپۇرماق ،
چىلاشماقتا بوزلاۋاتقان ئاشىق كۈيىگە .

خىياللارنىڭ گىرۋىكىدە سۆسۈن رەڭ تۇمان ،
توزۇماقتا كىرپىكلەردىن چوغلانغان كۈتۈش .
ئۈششۈك تەگكەن ئەتىرگۈلدەك پورەكلەپ ھىجران ،
بىخ سۈرىدۇ غەش كۆڭۈلدە يەنە شۇ ئۆكسۈش .

ۋەزنى ئېغىر قەدەملەردە كۆيۈك پۇرىقى ،
غازاڭلاردەك يانجىلىدۇ مەيۈس پىچىرلاش .
لىغىرلايدۇ ياش ئورنىغا نىگاھلاردا ئوت ،
يىقىلغاندا تاڭ لېۋىگە گىرىمسەن چاقناش .

قىرىق ئۆرۈم ئۇزۇن چاچتا باغلانغان تۇتقۇن ،
مىڭبىر ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلىپ تىكلەر جانغا تۇغ .
پۇراپ تۇرغان غەملىرىدە يوقسۇل يۈرەكنىڭ ،
سۈمۈرىدۇ يەنە بۇ كەچ بىر پىيالە چوغ…… !

# ئايرىلىش

نىگاھىمدا چايقىلىدۇ گىرىمسەن كەچمىش ،
كۈلگەن ھىلال دىل كۆكۈمدىن كۆچتى جىمىمىدە .
ئايرىلىشنىڭ تاشتىن قاتتىق غەملىرى ئارا ،
شور تۇپراقتەك تۇز قاينايدۇ جاراھىتىمدە .

رېئاللىقنىڭ تاملىرىغا قېقىلدىم مىختەك ،
گۈل پۇرىغان ھىجران لەۋدە تۇرار پورەكلەپ .
قۇلۇپ سالغان ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇم نەچچە رەت ،
ئېھ ، مېھرىڭگە كۆنۈپ قالغان يۈرەكنى بەزلەپ .

سەنسىز مېڭىپ باقتىم تونۇش چىغىر يول بىلەن ،
قىرلاردىكى كوكاتلارنىڭ مەڭزى ئەنە نەم .
بىر سېنى دەپ زەھەرنىمۇ يۇتسام ئوچۇملاپ ،
زەھەر نېمە ؟ كىرىپ قاپتۇ ئۇنىڭغىمۇ تەم .

خەير قىزچاق ، سەن سۆيمىسەڭ مەن ھەم ئامالسىز ،
جان چىقمىسا ، ھەرنە دەردكە چىداركەن يۈرەك .
يەنە نېمە دېيەلەيتتىم ، كەتسەڭمۇ كەتكىن !
يىغلاپ سۆيۈپ ، كۈلۈپ تاشلاپ كەتمەك نە كېرەك ؟ !

# جېنىمدا بۇقۇلداپ سايرايدۇ بىر قۇش

جىمجىتلىق كۆزۈمدە قاتقان كۆيۈك تاش ،
ۋاقىتنىڭ شېخىدا قۇرۇغان تاقەت .
پىچاقنىڭ بىسىدەك خىياللىرىڭدا ،
چېچىڭدەك قاراڭغۇ ئەھمەد دېگەن خەت .

مەھەللەڭ ئىتلىرى قاۋىماس بولدى ،
تېمىڭدا مەن چېكەر دېرىزەڭغۇ يوق .
مېھرىمدە ئۇيقۇغا كەتكەن چىغىر يول ،
تىۋىشىڭ يۈرەككە ئېتىلمىغان ئوق .

ھىجراننىڭ دەملىرى قان بولغان سەھەر ،
جېنىمدا بۇقۇلداپ سايرايدۇ بىر قۇش .
ئۆلمەكتە ئەتىرگۇل بەرگىدە ھىلال ،
كۆكلەيدۇ بەرق ئۇرۇپ يەنە بۇ تۇرمۇش .



# قۇمغا كىرىش

سۇدەك سۈزۈك خىياللىرىمنى ،
پىيالىگە لىققىدە قۇيۇپ ؛
ياز كېچىسى يارنى ئەسلىدىم ،
يۈرىكىمنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ .

قىزدەك تولغان ئايغا قارىدىم ،
يۇلتۇزدەكلا يورۇپ كەتتى دىل .
ياز تېنىدە كۆيەر چاراسلاپ ،
بىر تال بۇغداي قاندەك قىپقىزىل .

قىيام بولدى يازنىڭ يۈرىكى ،
بۈگۈن ياردەك چېچەكلەيدۇ قۇم .
قۇم ئىچىدە چوغدەك يېلىنجاپ ،
يار ئىككىمىز كۆلىمىز چوقۇم .



# يۈرەك ئاغرىقى

ئىچىمدىن ـ ئىچىمگە چىڭدالدى سۈكۈت ،
قولۇمدا تويۇڭنىڭ چوغدەك باغىقى .
ئىسمىڭنى قىپقىزىل قاندىن ئوقۇدۇم ،
ئۈشتۈمتۈت قوزغالدى يۈرەك ئاغرىقى .

دەرىخا ! قىسمەتكە چىدىيالمىدىم ،
قەھرىمگە يىقىلدى تاغلار بۇقۇلداپ .
تېنىمنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ ئاخىر ،
پىشۇردۇڭ ھىجراننىڭ دەشتىگە قاقلاپ .

گۈل ئىدىڭ بېغىمدا دىلنى لال قىلغان ،
ئۈزىغان قاراڭدا كۆزلىرىم تالدى .
ئاھىمدىن بۇلدۇقلاپ تاشتى پىيالە ،
لېۋىمدە كۆيۈكنىڭ يارىسى قالدى .

تاملارنىڭ كۆكسىگە پاتتى يالغۇزلۇق ،
پاتقاندەك خەنجىرىڭ كۆكسۈمگە دىلبەر .
يۈرەكنىڭ ئاغرىقى ساقايماس بەلكىم ،
ئەلەمدە قان يۇتۇپ ئۆلگەنگە قەدەر……

# ئۇجمە ياپرىقى

جېنىمدا جان تاپقان ئىدىڭ جېنىم ،
دەرىخا ! جېنىمدىن جېنىڭنى ئالدىڭ .
سەن ئۇچۇن ياشاشنىڭ غېمى ئەڭ شېرىن ،
ھاياتنىڭ مېھرىنى دىلىمغا سالدىڭ .

قەبرەڭنىڭ ئالدىغا كەلدىم ئۈمىلەپ ،
تۇرمۇشنىڭ چۇۋۇلغان چېچىدىن سۆرەپ .
قان بولغان ھىجرانىغا باغرىمنى ئاچتىم ،
ھەم خىيال قىلمىدىم يىغلاشنى ھۆكرەپ .

بارمىقىم تىترەيدۇ قەبرە بېشىڭدا ،
يۈرىكىم ھىدىڭنى پۇرىدى بەلكىم .
چېچىڭنى سىلىدىم ، يۇمدۇم كۆزۈمنى ،
يۇلتۇزلار يامغۇردەك تۆكۈلدى سىم-سىم .

قەدەملەر شۇ قەدەر ئېغىر ۋە ئېغىر ،
ئارقامغا قارىدىم يېنىش-يېنىشلاپ .
بىر تامچە كۆز ياشتەك تۇرغان ھوردىلىپ ،
ئېھ ، ئۇجمە ياپرىقى كۆيگەن چاراسلاپ...... !

# ئۇيغۇرىيەنىڭ كۆزى

(قىزىم ئۇيغۇرىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىگە )

ئۇيغۇرىيە
بىر تۇپ چوغ گۈلى ،
مېنى باشلاپ كىرگەن چوغدەك سەھەرگە .

ئۇيغۇرىيە
تىل دەرىخىمنى باراقسان قىلغان ،
سۆڭىكىمدە چېچەكلىگەن بىر تال خەت ئىدى .
دېڭىزدەك چوڭقۇر ۋە قۇندۇزدەك قارا ،
ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە ئاپتاپتەك يۇمشاق
ئاھۇ كۆزىدە
ئىچىمدىكى چەكسىز باياۋانغا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئۆركىشى .
ئۇ
سۇدىن چىقىپ ، ئوتقا ماڭغاندا
نۇر دەرەخلىرى كۆزلىرىدىن ئۈنۈپ چىقتى ،
ئالقىنىمدا سۈزۈلدى ئاسمان !

ئۇيغۇرىيەنىڭ كۆزى
تاشتىن قاراڭغۇ ؛
ئېسىمگە قاقلانغان جىمجىت سەلتەنەت !
يۇرىكىمدەك......
ئۇنىڭ كۆزىدىكى قارىنىڭ چەكسىزلىكى
چوڭقۇرلۇقۇمدۇر ،
ئۇنىڭغا سۇنغىنىم ئىسسىق قولۇمدۇر .

# قەلەندەر

بوزلايمەن مەشرەپنىڭ ئاۋازى بىلەن ،
يۈرەكنى داپ قىلىپ پەرۋازى بىلەن .
قەلەندەر چۆلىدىن چىقتىم يېگانە ،
نە يېگانە ، قېنىمدا مىڭ غازى بىلەن .

ئىشىكىڭ ئالدىغا كەلدىم نان تىلەپ ،
نان نېمە ؟ ! نان بىرلە كەلدىم جان تىلەپ .
دۇئاغا قولۇمنى كۆتۈرەلمىدىم ،
ۋاقىتتىن لېۋىمدە بەردىم قان تىلەپ .

بوسۇغاڭ دار ئىرۇر ، جېنىم زار ئىرۇر ،
نە ئۈچۈن قۇلۇڭغا ئازابىڭ كېلۇر ؟ !
ئىچىمدىن-ئىچىمگە بولدۇم يالىڭاچ ،
مەشۇقۇم غۇنچىسى قاچان ئېچىلۇر ؟



# بىر قىزغا تېز سىزما

خۇش چىچەكنىڭ گۈللەرنىڭ ھاياجىنىدا ،
قىپقىزىل يۈرەكتەك چاقنايدۇ يال-يال .
بارمىقىڭ ئۇينىسۇن ئۇن بەش يېشىمدا ،
دۇتارمەن ، قولۇڭغا ئالغىن ، مېنى چال !

يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان چاچلىرىڭ ،
قاراڭغۇ كېچەمدە يەلپۈنەر تال-تال .
باغرىمنىڭ دەز كەتكەن ئەينەكلىرىدە ،
قاشلىرىڭ تۈن ئىچرە يۈيۈنغان ھىلال .

يۈرەككە «پىژژىدە» ئوت ياقار يەنە ،
ئالمىدەك رەڭ ئۇرغان مەڭزىڭدىكى خال .
يوشۇرۇپ ئال مېنى زىنىخلىرىڭغا ،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي ، مېھرىڭدىن زىلال .

كۆزۈڭدە جان بېرەر بولدۇم ئاخىرى ،
خەنجەرنى مېھرىلىك ئالىقىنىڭغا ئال .
تىترىگەن قەھرىڭگە قەھرىمنى بېرەي ،
مەن رازى ، «گاچچىدە» يۈرەككىلا سال !

# چۈشۈمگە كىر ، چىقىپ كەتمىگىن

تاملارنىڭ ئازابى نېمىكىن ، نېمە ،
سېھرىگىنى سۆزلەشكە كۆيىدۇ تىلىم .
كېچىنىڭ ئەۋرىشىم بارمىقى بىلەن ،
مېھرىمنى سىلىغان سەنمىدىڭ جېنىم ؟ !

كۆزۈڭنىڭ قاراڭغۇ جاڭگاللىقىدا ،
شۇ قەدەر چىرايلىق ئازىمەن تىمتاس .
ئۇشتۇمتۇت توزۇغان نەرگىسگۈلدەك ،
لېۋىڭنىڭ رەڭگىنى قىلالماي قىياس .

ئاسماننىڭ ئاخىرى چەكسىزدۇر ، چەكسىز ،
كۆز كۆزنى ئەسەبىي يېمەكتە چوقۇپ .
بىر يۇلتۇز «ۋاللىدە» يورۇدى ، ئۆچتى ،
مەن ساڭا قەلبىمنى بەرمەستە ئوقۇپ .

كۆڭۈلنىڭ شېخىدا جاننى سايرىتىپ ،
جېنىمنى جېنىڭغا زار-زار ئەتمىگىن .
جاراڭلاپ تۇرىدۇ يۈرەكنىڭ تارى ،
چۈشۈمگە كىر ، ئەمما چىقىپ كەتمىگىن !

راخمانجان ئاۋۇت ئۆزھال

# مەن تۇرغان ئۆي

# تاشلاندۇق رويال

تۇرۇپتۇ يامغۇردا مەيۈس بىر قىزدەك ،
تىللىرى بۇزۇلغان تاشلاندۇق رويال .
دەپسەندە قىلىنغان قىزنىڭ كۆڭلىدەك ،
باغرى تاش دەستىدىن سۇندى ئېھتىمال .

كىم ئۇنى ياسىغان بولغىيتتى نەدە ،
كىم تۇنجى چالغاندۇ قايسى نەغمىگە ؟ !
قايسىبىر خېنىلىك نازۇك بارماقتا ،
جان بەرگەن بولغىيتتى قايسى نەزمىگە ؟

تۇرار ئۇ قەدىمىي قەبرىدەك مەغرۇر ،
ھەر تامچە مىڭ پارە بولار تارىدا .
سىلكىنسە يامغۇردا يۇيۇنغان ياپراق ،
يوقىلىش روياﻟغا جىمجىت مۇزىكا .

قايسىبىر سەنئەتكار قەدىرلەپ ئۇنى ،
ۋە كىملەر مۇڭىدىن قىلغاندۇ جۇدا .
بارچىنى رويالدەك يوقىتار ئاخىر ،
ئادەملەر ھەم يەنە يېگانە دۇنيا .

تۇرۇپتۇ يامغۇردا مەيۈس بىر قىزدەك ،
تىللىرى كېسىلگەن تاشلاندۇق رويال .
مەۋجۇتلۇق كۈيىنىڭ ئاخىرى چىقماس ،
ھاياتلىق رويالدەك مۇڭلۇق ئېھتىمال .

# باھار بولۇپ ياشايمەن

مەن تۇتقان قولۇڭنىڭ خېرىدارى كىم ،
شۇ نازۇك لېۋىڭنىڭ ئىنتىزارى كىم ؟
ئارمانلىق بويۇڭنىڭ تىلتۇمارى كىم ؟
ئازابتىن مېھىر تىلەپ قىينىلار جېنىم .

كىم كۆكسۇڭگە باش قويۇپ دەردىنى سۆزلەر ،
كىملەر سېنى گۈل بىلىپ باغىدىن ئىزدەر ؟
يەنە كىملەر ئۆلگۈچە ئىشقىڭدا كۆيەر ؟
مەندىن باشقا يەنە كىملەر چۈشىدە كۆرەر .

ھەر باھار چېچىكىدىن ھىدىڭنى پۇراپ ،
سەن ماڭغان يوللاردىن ئىزىڭنى سوراپ ؛
سەن ئۈچۈن يارالغان كېرەكسىز جېنىم ،
پايانسىز بوشلۇقتا تۇگەيدۇ خوراپ .

ياشايمەن سەن ئۈچۈن نەۋباھار بولۇپ ،
ئۈزۈلگەن ئۈمىدتىن - ئۈمىدكە تولۇپ .
ياشايمەن بۇلبۇلسىز بېغىڭدا تەنها ،
قالسا گەر چېھرىڭدە نەۋباھار ئۆلۈپ .

# مۇھەببەت

ئەلەملىك يۈرەكتىن چىققان ياشمۇسەن ؟
كۆكسۈمگە قادالغان تىغمۇ ، تاشمۇسەن ؟
ۋەسلىنى كۆرسەتمەس قارا قاشمۇسەن ؟
پىچاقسىز باغرىمنى تىلدىڭ مۇھەببەت .

يوقسۇلنىڭ كەپىسىدە يانغان چوغمۇسەن ؟
كۆز كۆرۈپ ، قول يەتمەس ئاي-يۇلتۇزمۇسەن ؟
يا گۈلى ئېچىلماس نەۋباھارمۇسەن ؟
ئەلەمگە ئىختىيار قىلدىڭ مۇھەببەت .

مەڭگۈگە ئېيتىلماس شېرىن سۆزمۇسەن ؟
سۆيگۈنى چۈشەنمەس بىغەم قىزمۇسەن ؟
سەندەلدىن چاچرىغان نۇر-ئۇچقۇنمۇسەن ؟
ھەسرەتكە بەخشەندە قىلدىڭ مۇھەببەت .

تەشنا قىلدىڭ بىر ئوتلام زەھەرگە مېنى ،
ئەگەشسەم باشلىدىڭ خەتەرگە مېنى ،
ئۈندىدىڭ ھەر زامان سەۋرگە مېنى ،
مۇھەببەت ۋەتەن ئەيلىدىڭ كۆز ياشلىرىمنى .

# بەختىنىمۇ ئارمان مۇقەددەس

ئېرىشمەكنى ئويلايدۇ ئىنسان ،
خىيال قىلغان بارچە نەرسىگە .
تاپارمىدى كۆڭلى قانائەت ،
يەتسە مەجنۇن لەيلى ۋەسلىگە ؟

ئېرىشىشتىن تۇغۇلار ئارمان ،
ئىنتىلىشمۇ بەختلىك جەريان .
يەتسە ئىنسان كۆتكەن نەرسىگە ،
مەنىسىز بوپ تۇيۇلار جاھان .

مەنىسىزدۇر يېتىش ھەممىگە ،
بەختىنىمۇ ئارمان مۇقەددەس .
تىرىك تۇرۇپ ئۆلىدۇ ئىنسان ،
يوقالغاندا روھىدىن ھەۋەس .

غايىلەرنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە ،
يوشۇرۇنغان شېرىن تىلەكلەر .
قوچاقلايدۇ ئىنساننى ئارمان ،
قالسىمۇ گەر كۆچتىن بىلەكلەر .

# دۇتار

دىلىمدا ئوتلۇق تىلەكلىرىم بار ،
دەردىمنى ئىچىمگە يۇتقىنىم بىكار ،
ھېچكىمگە ئېيتالماس ھەسرەتلىرىمنى ،
كۆيۈڭدە جاھانغا ئاڭلاتقىن دۇتار .

كۆڭلۈم قارارىنى چىرمىدى پىغان ،
مەيۈسلۈكۈمگە سىرداشتۇر جاھان .
يارىمدۇر مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھىجران ،
دەردىمنى نىگارغا يەتكۈزگىن دۇتار .

كۈيلىگىن ئاشىق دىل چەككەن جاپانى ،
قەدىرلە ئەبەدىي مېھىر-ۋاپانى .
قۇتقۇزغىن مېنىڭدەك كۆڭلى خاپانى ،
ئاۋازىڭ دىلىمغا تەسەللى دۇتار .



# غېرىبلىق كۈيى

قەلبىمدە نۇرلانسا ئۈمىد يالتىراپ ،
ئاجىزلاپ كېتىدۇ ئازاب كونىراپ .
ئۆرتىسە يۈرەكنى ساختىلىق ھەرئان ،
ئالىمەن ھاياتتىن ھەقىقىي جاۋاب .

تەنھالىق بىر كۈنى يېتەر چېكىگە ،
ئىنساننىڭ دىلدىكى ئارمانى چەكسىز .
سۆيگۈ دەپ روھىم سىڭسە زېمىنغا ،
جىسمىمنى كۆپتۈرۈپ لەيلىتەر دېڭىز .

كەتسىمۇ يار كۆڭۈل كۆلبەمنى تاشلاپ ،
كەچمىدىڭ مۇقەددەس ، ۋاپادۇر ئازاب .
باغرىمغا باسقىچە بىۋاپا يارنى ،
سۆيەي مەن سېنى چىن دىلدىن قۇچاقلاپ .



# ئەلۋىدا دوستۇم

(ئاقسۇ يۇقىرى سۇرئەتلىك تاشيولدا قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلغان ساداقەتمەن ، باتۇر ، چېلىشچى دوستۇم ھوشۇرغا بېغىشلايمەن )

ئادەملەرنى رەقىب بىلىپ ياشاپتۇق ،
رەقىبىمىز تەقدىر ئىكەن ئەسلىدە .
ئۆزىمىزگە پىنھان كۆلبە ياساپتۇق ،
ئەجەل يۈرسە جېنىمىزنىڭ قەستىدە .
بەندە دېگەن ئاجىز ئىكەن يەنىلا ،
سولدىڭىزغۇ گۈلدەك باھار پەسلىدە .

شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بۈندا تاڭ قالدىم ،
بولماسمىدى ئەجەل كەلسە مەندەككە .
ھەقىقەتكە ئىلاجىسىز باش ئېگىپ ،
ندا قىلدىم پەيلى ياۋۇز پەلەككە .
ئۇرۇق-تۇغقان ، دوستلارنى قان يىغلىتىپ ،
چۇشۇپ كەتتىڭىز قىسمەت قازغان ئورەككە .

زىخ تىققاندەك ئىگرىدىم ، تولغاندىم ،
خەۋەر غايىب ئوقتەك تەگكەچ يۈرەككە .
ئامالسىزلىق غەپلىتىدە ئۆرتەندىم ،
ۋاقىتسىزلا ئۇششۇك تەگكەن پىلەككە .
ئويلاپ باقسام ئىنسانلارنىڭ بارچىسى ،
كېتەر ئىكەن يېتەلمەستىن تىلەككە .

تۆكۈلمەمتى يامغۇر كەبى ياشلىرىم ،
ئەجەل تۇرسا يولىمىزنى چىڭ توراپ .
ئۆلۈم مەغلۇپ قىلغان باتۇر ئوغلاننى ،
قارا يەرگە كۆمسەك رەختكە چىڭ ئوراپ .
گول ئىكەنمىز ئادەم دېگەن ئەزەلدىن ،
ئۆتۈۋېرىمىز يەنە شۇنداق كۈن ساناپ .

ئەسلي جەڭگە يارالغانسىز شىر يۈرەك ،
جەڭگاھ كۆرمەي ئارىمىزدىن كەتتىڭىز .
قول قوۋۇشتۇرۇپ قالدۇق مانا چارىسىز ،
بىزنى چەكسىز دەردلەرگە يار ئەتتىڭىز .
ئەزرائىلنى جەڭگە چىللاپ بىر مەرتەم ،
ئۆلۈم بىلەن غالىب پېتى كەتتىڭىز .

مەن «ئەلۋىدا دوستۇم» دېدىم چارىسىز ،
بىر يۈرەك مىڭ پارە ، بىز مىڭ پارە بىز .
سۇندى مۇڭ ، سۇندى هاياتنىڭ كۈيلىرى ،
بولدى سازىم پارە-پارە تارىسىز .
تۇغۇلۇپ ئۆلمەسنى هېچكىم كۆرمىگەن ،
ئۆلۈم بىلەن يوقار ئەمدى ئارىمىز .

# دۇنيا

بۇ دۇنيا بىر تېڭىق مالغا ئوخشايدۇ ،
پۇل ئۈچۈن مالنىڭ ئوتىدا كۆيگەنلەر ئۈچۈن .
ئۇ گويا جەلپكار قىزغا ئوخشايدۇ ،
ھاياتنى قەدىرلەپ سۆيگەنلەر ئۈچۈن .

قىزلارغا كېلىشكەن ئەر ئىكەن دۇنيا ،
ئاشىققا مىننەتسىز تەر ئىكەن دۇنيا .
ئىنساننىڭ ۋىسالسىز ئۆلگىنى يالغان ،
دېھقانغا ھوسۇللۇق يەر ئىكەن دۇنيا .

دىيانەت ئەھلىنىڭ باغرى لەختە قان ،
يوقسۇلنىڭ كۆزىدە نان ئىكەن دۇنيا .
مەردلەرگە ۋاز كېچىش تولىمۇ ئاسان ،
نامەردكە قىممەتلىك جان ئىكەن دۇنيا .



# ئايدىن سوراي

سېنى ساقلاپ ئۆتەر كۈنلىرىم ،
سېغىنغاندا باقتىم يۇلتۇزغا .
كۆزۈم كۆكتە ، سەندە خىيالىم ،
تۇنجى قاردا يۈردۈم باغلاردا .

كېلىپ كەتتى قانچىلاپ باھار ،
قارلىغاچ كەبى كەلمىدىڭ بىر رەت .
ئۇزىتارمۇ بۇ دۇنيا مېنى ،
كۆرۈشۈشكە بەرمەيلا پۇرسەت .

نېمە بولسا بولسۇن ئەزىزىم ،
كېلىپ يەنە كەتكىن بىر قېتىم .
تىرىك مۇردا بولۇپ يۈرىمەن ،
جۇدالىقتا مۇزلىغاچ تېنىم .

يۈرىكىمدە ساقلىدىم گۈلۈم ،
كەشتە تىككەن قول ياغلىقىڭنى .
كەتتى مادار ھىجران دەردىدە ،
پەقەت ئايدىن سورايمەن سېنى .

# تىلەك

يىللارنىڭ باغرىدا ئېگىلدى قەددىڭ ،
مېھرىڭنى جاپالار سۇندۇرالمىدى .
سېنى دەپ تەلمۈرگەن كۆڭلۈمنى ئانا ،
ھېچ ئىنسان سېنىڭدەك تولدۇرالمىدى .

بېشىمغا كۈن چۈشسە بولدۇڭ سايىۋەن ،
شادلانساڭ كائىنات ئەگەشتى ساڭا .
سەن مېنى شەھەرگە ئۇزىتىپ ئاتلىق ،
پىيادە يۈرسەن يەنە سەھرادا .

ئامان بول ھەر دائىم بەختىمگە ئانا ،
مەن ئۈچۈن يەنىلا ئايا ئۆزۈڭنى .
سەن مېنىڭ ئەزىزىم ، سەن مېنىڭ مەككەم ،
ئاسرىغىن مۇبارەك ئەزىز تېنىڭنى .



# ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم

بەخت ۋە قايغۇنىڭ پەرقى قانچىلىك؟
قالمىسۇن كۆڭلۈڭدە ئارمان قىلچىلىك.
كۆزۈڭنى ياشلىغان پىغان قانچىلىك؟
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم.

ھاياتنىڭ ھەر پەسلى، رەڭگى ئۆزگىچە،
ھۇزۇرى، لەززىتى تەمى ئۆزگىچە،
خۇشاللىق ھەم دەردمۇ ئەمەس ئۆلگۈچە،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم.

ياشلىقنىڭ ئازابى، زوقى باشقىچە،
ئىنتىلەر ئۇنىڭغا قېرى - ياشقىچە،
تېگىدۇ بېشىڭغا گۇلدىن تاشقىچە،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم.

ھەر تىنىق، ھەر نەپەس پۇرسەت غەنىيمەت،
ھەربىر كۈن يېڭىلىق ئىچرە مىڭ ھېكمەت،
رەزىللىك يىغلايمىش ئىزدەپ ھەقىقەت،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم.

سۆيگەنگە سۆيۈلگىن پىدا قىلىپ جان،
يۈرەكنى لەختە قان قىلار پۇشايمان.
ئەڭ ئاددىي ياشاشمۇ ئەمەستۇر ئاسان،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم.

كېچىنىڭ چوقۇمكى گۈزەل تېڭى بار ،
ھېس قىلغان شادلىقنىڭ يەنە تېڭى بار .
ھاياتنىڭ تۈگىمەس دەردى - غېمى بار ،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم .

دەقىقە ئىچرە مىڭ ئۆزگىرىش خىيال ،
ئالدىسا سۆيگەن يار قالساڭ بىئامال .
لېۋىڭگە سۆيىدۇ تاڭ سەھەر شامال ،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم .

بىلىسەن دۇنيانىڭ سەۋدالىرى كۆپ ،
ئىنسانغا خاس ئەمەس غوۋغالىرى كۆپ .
ھاياتتا شادلىق - غەم قايتىلىنار كۆپ ،
ھاياتنى ئارمانسىز ياشا ئەزىزىم .



# ئەسلىگىن تۇنجى رەت سۆيگەن جانانىنى

ئەسلىگىن تۇنجى رەت سۆيگەن جانانىنى ،
زۇلمەتلىك خاناڭغا ياندۇرماي چىراغ .
شام كەبى چاقنايدۇ ئارمانلار هامان ،
بولسىمۇ سۆيگۈنىڭ ۋىسالى يىراق .

بىلمەيتتىڭ ئۇ سېنى سۆيۈشتىن بۇرۇن ،
ئۆزۈڭنىڭ سۆيۈشكە تۇغۇلغىنىڭنى .
بىلمەيتتىڭ سەن ئۇنى سۆيۈشتىن بۇرۇن ،
سۆيگۈنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلۇقىنى .

مۇهەببەت باغرىدا تۇغۇلدۇڭ قايتا ،
هېس قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىكىنى .
بىلمەيتتىڭ ئادەمنىڭ سۆيگەن ياردىن ،
ئايرىلىش دەردىنىڭ ئېغىرلىقىنى .

ئەسلىگىن تۇنجى رەت سۆيگەن جانانىنى ،
ئۇ ياشلىق مىسالى كەتسىمۇ ئۇزاپ .
نەپرەتكە كۆڭلۈڭدىن بەرمىگىن ئورۇن ،
ئەكەتكەن بولسىمۇ روهىڭنى بۇلاپ .

بىلىسەن جاهاننىڭ تەتۈرلۈكىنى ،
ئازابلار قەلبىڭگە تىزىلسا رەت-رەت .
ئۆلگۈچە ئارمانغا شاه بولۇپ ياشا ،
ئۆتمۇشۇڭ دەستىدىن چەكمىگىن هەسرەت .

# يۇلتۇز ئوسمانغا بېغىشلىما

كۈيلەر تومۇرىدا قايىنىغان قانسەن ،
ئاۋازىڭ ۋەسلىدە يايرىغان جانسەن .
كۈي بىلەن دۇنيانى باشقىدىن بېزەپ ،
ئىجاد قەسرىدە ئەزىز مېھمانسەن .

ئاۋازىڭ ئەۋجىدە ئۇشقىرتار گۈلخان ،
كۈيۈڭدىن مەست بولۇپ كۈيىدۇ ھىجران .
بۈيۈكسەن تىنىقىڭ ۋەھىيدەك ئۇلۇغ ،
قەھرىڭدىن ئۇركۈپ تاغ بولدى باياۋان .

ئېھ ، ئاتەش نەپەسلەر لەيلىسە ئاستا ،
كىرپىكنى قامالىاپ كۈيدۈردى كۆز ياش .
ھەسرەتلىك دىللارغا ناخشاڭ تەسەللى ،
سۆيگەندەك زىمىستان باغرىنى قۇياش .

سۆزۈڭدىن دۇنيا ھەم ۋەتەن تۇغۇلدى ،
شۇ سەۋەب چىن مېھرىم ساڭا بوغۇلدى .
بىلمەيسەن يەكەنلىك شائىر بىر يىگىت ،
لىرىك كۈيلىرىڭگە ئاشىق تۇغۇلدى .

# مەن تۇغۇلغان ئۆي

مېھنەتنىڭ ، مېھرىنىڭ قۇچىقى سەندە ،
باراۋەر ھاياتنىڭ خۇشلۇقى سەندە ،
ئاش-نان ھەم تۇزنىڭ ئۇچىقى سەندە ،
مەغرۇرمەن سەن بىلەن مەن تۇغۇلغان ئۆي .

بارالمايمەن سېغىنسام ھېيتتا-ئايەمدە ،
سېغىنىمەن سېنى پەقەت مىسكىن نالەمدە .
ئورۇن يوق باغرىڭدا دەردكە-ئەلەمگە ،
سېغىنىش ئۆرتەيدۇ مەن تۇغۇلغان ئۆي .

سېخىي باغرىڭ جەننەتتۇر ، غۇرۇرغا تولدۇم ،
ھىمايەڭدە غەمسىز ئەركە ئۇغۇلدىم .
چوڭ بولدۇم ، خاناڭغا مېھمىنىڭ بولدۇم ،
سېغىنىش ئارمانىم مەن تۇغۇلغان ئۆي .

سەندە ئاتا-ئانام مېھرى پاسىبان ،
مېھنەتتىن پۈتۈلگەن ئارمان تۇغۇلغان .
بىر قۇشمەن ئۇۋىسى ئۇچۇن قايغۇرغان ،
قەلبىمگە كۈچ بېرەر مەن تۇغۇلغان ئۆي .

تەكچىدە زاغراڭ قىزىرىپ پىشقان ،
ھالال تەم چېھرىڭگە مەھكەم يېپىشقان .
سەن بىلەن تۆت پەسىل ئەھلى ئەل ئىشچان ،
مەڭگۈلۈك ئارمانىم مەن تۇغۇلغان ئۆي .

جان بېقىش سەۋداسى قىلدى مۇساپىر ،
چېھرىڭگە تەلپۈنگەن تۈيغۇلار يىغىر .
ھەر يىلدا بىر بېرىش پەرز ھەم سۈننەت ،
مۇقەددەس كەبەمسەن مەن تۇغۇلغان ئۆي .

تورۇستىن يامغۇردەك چۈشسىمۇ توپا ،
يا ئانام ، يا دادام بولمايدۇ خاپا .
چەللەڭگە مېھرىمنى سالغانمۇ خۇدا ،
مەن ئۈچۈن سەيلىگاھ مەن تۇغۇلغان ئۆي .

كىشنىسە ئېغىلدا ئاق قاشقا تۇلپار ،
بەسلىشىپ مەرەيدۇ ئېغىلدا قويلار .
خەزىنە بىلىنەر ئامبار ھەم ھويلا ،
سېخىي بىر جەننەتسەن مەن تۇغۇلغان ئۆي .

يوقسۇزلۇق تىكەندەك قادالسا پۇتقا ،
تەسەللى بولىدۇ ئۈزۈملۈك باغلار .
چاپاننىڭ پېشى ھېچ يەتمىسە تىزغا ،
دادامغا تەسەللى مەن تۇغۇلغان ئۆي .

بايلىقنىڭ ئۇپراپ تۈگىگەن كەتمەن ،
تەر بىلەن جاپاغا گۇۋاھچى ئالىقان .
ساقايماس قىشۇياز قاپارغان تاپان ،
مېھنەتتىن يارالغان مەن تۇغۇلغان ئۆي .

# ھىجران

بىر مۇدھىش جۇدالىق ئۆرتەيدۇ مېنى ،
مۇردىدەك ياشىدىم ، ياشىماقتىمەن .
شەبنەمدەك لېۋىڭدە تۇنىيەلمىدىم ،
مىڭ دەردتە تولغاندىم ، تولغانماقتىمەن .

ئېسىمدە سەن بەرگەن شادلىق-دەردلىرىڭ ،
تەلپۈنەر چېكىنمەس ئىرادەم ، دىلىم .
مەن يەنە ياشايمەن ، سەنمۇ ياشايسەن ،
ھىدىڭنى ئىزدەيدۇ ئۇھسىنغان كۈيۈم .

كوچىلار قەلبىمگە ئۈمىد چىرىغى ،
نەدىندۇر ئىزدەيدۇ چېھرىڭنى كۆزۈم .
ئەسلىمەي دەيمەن-يۇ ئىلاجسىزمەن ،
ئۇنتۇلار ئاي يۈزۈڭ كۈلگەندە ئۆلۈم .

سېنىڭسىز ياشاشنى قوبۇل قىلمىسام ،
ھەقىقىي ئاشىق بوپ سانىلارمىدىم ؟
ئۆمۈرلۈك ھىجراننى تېڭىپ كۆكسۈمگە ،
قەبرەمدە يېتىپمۇ سېغىنارمىدىم ؟

ئايرىلدۇق ، ساڭا گۈل بەرمىدىم جېنىم ،
يىغلىغۇم بار بىراق باغرىڭدا قېنىپ .
جۇدالىق لەززىتى مەڭگۈلۈك قىسمەت ،
قالىسەن سەن بەلكىم دەردىمگە كۆلۈپ .

ئاددىيلا بىر قىزسەن ، پەرىشتە ئەمەس ،
نىھايەت سۆيۈلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان .
نېمە كەم دۇنيادا سېنىڭدىن بۆلەك ،
ئاشىقمەن ئازابقا تەكرار بوغۇلغان .

ئۇنتۇپ كېتىشكە قىلىمەن قەسەم ،
ۋەلېكىن ئوت بولۇپ يانىمەن دەرھال .
ئەسلىمەم ئىچىدە ھاكاۋۇر تۇرقۇڭ ،
بىراق سەن ئۆزگىگە مۇلايىم ئايال .

تۇغۇلغان كۈنۈڭدە بارغۇم كېلىدۇ ،
سەن كەبى بىر دەستە گۈلنى قۇچاقلاپ .
گۈلچى قىز مەن ئۈچۈن مىڭ پارە بولۇپ ،
گۈل تىزار سۆيگۈسىز دۇنياغا ئاتاپ .



# كوناماللار بازىرى

كونا تېلېۋىزور ، يېپپېڭى ئادەم ،
كونا توڭلاتقۇ ، يېڭى - يېڭى غەم .
دوقمۇشتا تاۋۇز تىلىپ ساتىدۇ ،
غەملەر ئالدىغا سالغان بىر ئادەم .

بىر چەتتە دەستىلەپ پوشكال سالىدۇ ،
ئاق لېچەك ئارتقان ئۇيغۇر ئانىسى .
ئوچاقنى كوچىلاپ توزۇتار كۈلنى ،
ئەمدى تۆت ياشقا كىرگەن بالىسى .


قۇلاقنى يارغۇدەك ياڭرايدۇ ناخشا ،
بىر يىگىت ئۆتمەكتە چوڭ يولنى كېسىپ .
ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت مىنگەن ئەنە ئۇ ،
كەلمەكتە ئۇنىڭغا لىق غەمنى بېسىپ .

ئاچچىق تەر بۇخسۇغان ، ئۆسكەن ساقاللار ،
چارچىغان كۆزلەردە ئۇمىدنىڭ نۇرى .
يا پايدا ، يا زىيانغا قىلار تەۋەككۇل ،
نەپەسنى قىسىدۇ كۆيۈك ماي ھىدى .

تىنجىقتا ئادەملەر يۇرۇشەر توپ-توپ ،
ئىتتىرىپ بىراۋنى ، قىستىلىپ-قىستاپ .
دۇكاننىڭ ئالدىدا قاسماق بىر بالا ،
ئەممەكتە ئانىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ .

توۋلايدۇ ۋارقىراپ تىمەن بىر بوۋاي ،
«ئېلىشە خالايىق ، پاچاق ساتىمەن .»
مەڭزى مايلىشىپ تۇرغان بىر بالا ،
توۋلايدۇ «ئال مانا ئاياغ ساتىمەن .»

سەن يەنە بۇ يەردىن كەتمەيسەن نېرى ،
قىزغىنلىق ئىچىگە چۆمىدۇ بارى .
ئايلىنىپ يۈرسەن تەكرار ۋە تەكرار ،
چۈنكى ئۇ ساڭا خاس ئۇيغۇرنىڭ تەرى .



# ياشاۋاتىمەن

مەن تىنىق ئېلىپ ياشاۋاتىمەن ،
قەلبىمگە دۆۋىلەنگەن خاماندەك ئارمان ،
يانجىلىپ ساماندەك ئۆلمەكتە بىر-بىر......

شامالالار ئەكەلسە يارنىڭ ھىدىنى ،
خۇدۇكسىنىش ئىچىدە قاراپ ئەتراپقا ،
سەزمىسۇن باشقىلار دېگەندەك كۇنلەپ
قېنىپ - قېنىپ پۇرىۋالىمەن .
ئۆلىمەن دېگەنتىم ماڭا تەگمىسەڭ ،
لېكىن ئۇ تەگمىدى ، ياشاۋاتىمەن .

مەن كۈندە تاماق يەپ ياشاۋاتىمەن ،
يوق ئۆزگە تىرىكلىك بەلگىسى مەندە .
كىملەرنى دوست بىلىپ ياشاۋاتىمەن ،
ئۆچلۇكۇم كەلمەس ھەم رەقىبلىرىمگە .

چېقىلدى دۇنيادىن كۈتكەن ئۇمىدىم ،
بالىلىق خىيالىم ئىدى بەك كاتتا .
چېقىلدى خىيالىڭ نازۇك چىنىسى ،
ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارمانلار ئارا .

بىزارلىق ئىلكىدە قاراۋاتىمەن ،
ھەربىر كۈن ئوخشاشلا ئۆتمەكتە تىمتاس .
لېكىن مەن يەنىلا ياشاۋاتىمەن !
ياشاۋاتىمەن......

مەن سۆيمەس كىملەرنى كۆيدۈرۈپ تۇرۇپ ،
قەلبىمدە ئازابنى كۈلدۈرۈپ تۇرۇپ .
دوستلارغا بىر مەررە شادلىق بېرەلمەي ،
تىلەكلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇپ .

مەن ياشاۋاتىمەن ، بەلكىم ياشايمەن ،
بىلمەيمەن نېمىگىدۇر كېلەر ئاچچىقىم .
كەڭ تۇتقان كۆڭۈلنىڭ غېمى كۆپ ئىكەن ،
بىلمىدىم ھاياتتا نېمە بارلىقىم .



# قىز دەرۋازىسى

قاچقاندا ئەنبەرنىڭ ھىدى ئىچىدىن ،
قارىچۇقۇمدا غۇنچىدەك ئېچىلدى ئاھىڭ .
كوكۇلاڭ چىمەندە پەر قاقار نازۇك ،
شادلىقىم ۋەسلىدۇر يۇمران نىگاھىڭ .

گىلاستەك لەۋلەرگە رەڭ بەرگەن خۇدا ،
ئىشقنى قەلبىمگە قىلدى پەيۋەندە .
ئاياللار مۆجىزە ، توۋلىدى بىردىن
بىر قىزنىڭ ئىشقىدا ئۆرتەنگەن بەندە .

مەن سىرلىق قەلئەنىڭ دەرۋازىسىدا ،
كۆتەتتىم كۆنلىرىم بولغۇچە ئاۋات .
خۇش ھىدىڭ دەستىدىن مەست بولغان كۆڭۈل ،
تىلەيتتى سۆيگۈمگە مەڭگۈلۈك ھايات .

بىر قىزغا سۆيۈلدۇم ئون سەككىز ياشتا ،
بەختتىن ھالسىراپ ئاق كىردى باشقا .
كوچىدا يالاڭ ئاياغ يۈگۈردۇم توۋلاپ ،
ئاڭلا ئەي خالايىق ، تۇغۇلدۇم قايتا .

ئاشىقلىق كۆلپەتكە بولدى كۆشەندە ،
يىلىكىم ئېرىدى قانلىرىم ئىچرە .
سۆيۈشتىن تېنىمدە قالمىدى ماجال ،
ئىمكانىم قانچىلىك يەنە سۆيۈشكە .

بەختىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدە مەن ،
ھاياتقا قارىدىم سىنچىلاپ تۇرۇپ .
ھاياجان ئىلكىدە يىغلاپ تاشلىدىم ،
بەختىنىڭ پىيادە جاكارچىسى بوپ .

مەن ئۇچۇن ئېچىلغان قىز دەرۋازىسى ،
بۇ جاننى قىممەتلىك سۆيگۈگە تۇتتى .
شۇ كۈندە ياشىدىم ھەقىقەتنى مەن ،
بىشەپقەت مۇھەببەت كۆڭلۈمنى ئۇتتى .

يېقىلسا قىز كۆكسى كۆكسۈمگە ئوتتەك ،
بىر يۈرەك مىڭ پارە بولاتتى دەرھال .
چېقىلىپ شېشىدەك سۇزۇك قەلبتە ،
سىگمەكچى بولاتتىم ئاڭا بىمالال .

لەۋلەردىن قۇت ياغار ئىدى شۇ نەپەس ،
سېزەتتىم شاھزادە كەبى ئۆزۈمنى .
ئېزىلگەن تەنلەردىن ئوقچۇغان شادلىق ،
ياشلايتتى مەنىسىز ھايات كۆزىنى .

ئېچىلدى تۇنجى رەت قىز دەرۋازىسى ،
ئەسلىمەم ئىچىدە ياشىدىم ئۇزاق .
بىر زامان بەختلىك ئىدىم مەنمۇ ھەي ،
گۈللىرىم توزۇسا قالدى خۇش پۇراق .

# باھار قۇشلىرى

بەزدىم قارا قىشنىڭ ئۇزاق تۈنىدىن ،
ئاپتاپ ئېلىپ كەلگىن باھار قۇشلىرى .
توڭلاتتى جۇدالىق ، مۇزلىدى يۈرەك ،
ئۇنتۇدى بۇ تېنىم قانداق كۆيۈشنى .

چېچەكلەر ساماغا لەۋ يېقىپ ئاستا ،
قەلبىمگە ئۈمىدتىن تېرىماقتا نۇر .
ئېلىپ كەل سېغىنغان يار سالامىنى ،
ئەسەبىي ھىجرانىم چېقىلسۇن چۇل-چۇل .

جۇدالىق زۇلمەتتۇر باغرىمغا پاتقان ،
ئىللىقلىق ئېلىپ كەل باھار قۇشلىرى .
بىر شىرمەن ھىجراننىڭ كۆيىدە ياتقان ،
چېقىلسۇن سوغۇقنىڭ ياۋۇز چىشلىرى .

ئۇچۇپ كەل كۆك ئاسمان — سامانى بويلاپ ،
ۋە ياكى تۆۋەن ئۇچ يەرنى بېغىرلاپ .
سۆيۈنۈپ بىر لەھزە شاماللىرىڭدىن ،
قەسىدە يازىمەن باھارغا ئاتاپ .

ئەگىزلەر زېمىننى سۆيگەندەك قېنىپ ،
كۆتمەن يولۇڭغا پاياندار سېلىپ .
ئېلىپ كەل باھارغا يازغان خېتىمنى ،
بۇ تامان تەلپۈنگەن كۆكسۈڭگە تېڭىپ .

كۇتدۇ كۆزلىرىم ، كۆيدۇ يۇرەك ،
كۇتمەكتە بىر نىيەت ، ئىزگۇ بىر تىلەك .
كۇلمەمدۇ جان - جىنىم چالساڭ كۇيۇڭنى ،
باغرىدا جاراھەت كۆكلىگەن تېرەك .

سۆگەتلەر بىخ سۇرۇپ چىقماقتا تال-تال ،
ئېچىلار ھەم يەنە نورۇز گۇللىرى .
قايسى قۇش قەپەسكە ئۆزىنى ئۇرغان ،
ساز چېلىپ كەلسەڭ گەر باھار قۇشلىرى .

ئالتە قىز ئوينىغان ئېرىق بويىدا ،
چېچەكتىن تاج ياساپ كۇتمەن سېنى .
چىمبۇلاق كۇينى چېلىپ ھارغۇچە ،
بىر نەپەس بولسىمۇ ئۇنتاي ئۆزۇمنى .



# يىغلىما ئوغلۇم

(ئوغلۇم ئەرقۇتنىڭ بىر ياشقا تولغانلىقىغا بېغىشلايمەن )

يىغلىما ئوغلۇم ، مېنىڭ دىل پارەم ،
چېھرىڭگە باقسام ھەر كۈنۈم ئايەم .
بېغىم - بوستانىم بىر ساڭا خاستۇر ،
سەندە قۇت تاپار ئارزۇيۇم - غايەم .

كەلگۈسى سەن ئاشار داۋانلىرىڭ كۆپ ،
يۈكۈنۈپ قالىمەن بەختىڭنى تىلەپ .
دەيمەنكى قارا كۈن بەرسەڭ ماڭا بەر ،
ئوغلۇمغا ئالىقىنىڭ كەڭ بولسۇن يارەب .

تەختىمسەن ، سەن بىلەن كۆكلەردە بېشىم ،
بەختىمسەن ، سەن مېنىڭ تاجىم - تۇمارىم .
بېشىمغا كۈرمىڭلاپ ئاپەت ياغسىمۇ ،
سەن بىلەن ھاسىلدۇر ۋەسلىم-مۇرادىم .

ئۇخلىغىن جان ئوغلۇم ، ئارامىڭغا قان ،
كۆز ياشلىرىڭنى كۆرمىسۇن كۆزۈم .
بىلمىدىم ، نېمە ئۇ يىغلاتقان سېنى ؟
ئۆمىدىم ، بولمىسۇن كىملەر دۈشمىنىم .

# سېغىنىش

ۋىسالسىز ياشاشنىڭ ئېغىر دەملىرى ،
هاياتقا قايرىلىپ قويغاندا سوئال .
بىز چوقۇم ئايرىلىپ كېتىمىز گۈلۈم ،
ئەڭ ئېغىر هىجرانغا تاپالماي ئامال .

سۆكۈتنىڭ باغرىدا قىزىل قىيامەت ،
ئايرىلىش ئەركىنلىك ۋە ياكى ئامەت .
تىنىقنىڭ زەررىسى ئايلانسا تاشقا ،
يۈكۈنەر سەجدىگە پاك-پاكىز نىيەت .

جۇدالىق زارلىرىم ئۆزۈم ئۈچۈن سىر ،
نە ئۈچۈن يۈكلىنىپ ئاھ ئۇرىمەن ئاھ .
ئارمانىم قۇدۇققا تاشلانغان بىر تاش ،
ۋە ياكى يولدىن ئازغان بىر سەيياھ .

ھىدىڭدىن سۆيۈنۈپ ئالما يۈزلۈك قىز ،
توۋلايمەن ناخشامنى ئاسماندىن ئېگىز .
ئىزدەيمەن رىزقىمدۇر بىر تاللا باشاق ،
ئاستىمدا ئۈنچىلەر ، پايانسىز ئېگىز .

# ئارمانلىرىم

ئىچىمدە تۇلۇملاپ قايىنىغان ئازاب ،
سۆزلەيدۇ مەڭگۈلۈك سۆيگۈ ھەققىدە .
جەنۇبنىڭ سارغايغان قىرمىز گۈللىرى —
سولغاندا ، نەچچە قىز بولار رەسىدە .

خورلۇقنىڭ دەشتىدە يېگانە قالدىم ،
تۇرنىلار كەلمەكتە يېيىپ كەڭ قانات .
ئازابتا سارغايدىم غازاڭدەك ، گۈلدەك ،
ئورنغاچ دەردۇغەم ئۆمرۈمنى قات-قات .

كۇز كەلدى ، يوقالغان ھىجرانىم كەلدى ،
يۇرەككە قادالغان پىغانىم كەلدى .
كۇلۇشنى ئۇنتۇغان ناتىۋان دىلغا ،
چېقىلغان دۇنيانىڭ ئازارى كەلدى .

ياشاشتا شادلىق يوق ، ئۆمۈر مەنىسىز ،
كۆڭلۇمدە يارىمغا تىزىمەن تىزىق .
ھاياسىز ئاپتاپتا يالىڭاچ كۆڭۈل ،
تىلەيدۇ ئۆمۈرگە پەقەت بىر تىنىق .

يامغۇرلۇق بىر كۇندە تۇردۇم بېكەتتە ،
نىگارنىڭ ھىدىنى پۇرىدىم بىردىن .
ئاسفالت يوللاردا ئاقماقتا ئازاب ،
سۇرگۇنمەن سۆيۇلگەن تەنها كۆڭۈلدىن .

غەملىرىم ئالدىدا تۇرالمىدىم تىك ،
بىركىملەر قىلماقچى مېنى دەپسەندە .
غايەمنى بۇلاپ كەت يالماۋۇز ھايات ،
مەن تۇراي ئۆلگەندەك مەڭگۈ سۈكۈتتە .

شان-شەرەپ ، مال-دۇنيا ماڭا بەرىبىر ،
ماڭا چىن سۆيگۈدىن بىر جام كۇپايە .
ھەممىنى بۇلاپ كەت باغرى ئاچ ئىنسان ،
مەن قالاي مۇھەببەت ئاتلىق كەپىدە .



# ئون بەش ياشلىق قىز

پەر قېقىپ كېلىسەن جەننەت قۇشىدەك ،
قاراقىنىڭ خەنجەردۇر باغرىمغا پاتقان .
چېھرىڭدە پاراسلاپ كۆيەر بارلىقىم ،
مەپتۇنكار تۇرقۇڭغا تەسلىم قىلىپ جان .

ھىدىڭدىن خۇش خەۋەر بەردى تار كوچا ،
كېسەكلەر مەست بولدى ، شاماللار ۋەيران .
تۇمانلار چاڭقاشتا يېرىلدى چاك-چاك ،
ئازابىنىڭ دارىغا ئىنتىلدى پىغان .

كوكۇلاڭ يەلپۈندى ، ئىلىلدى دۇنيا ،
تىنىقلار تىركەشتى شىر كەبى دەھشەت .
ھەلقۇمدا تىترىگەن بىر نەپەس جېنىم ،
نەي كەبى چېلىندى ئەۋجىدە لەززەت .

بىر تامچە شەبنەمدەك ئاقتىڭ مېھرىمگە ،
بەرگىمدە تىكەنلەر گۈلدەك ئېچىلدى .
لېۋىمنى قان قىلدىم ، سۈكۈتتە زامان ،
ئۈنچىدەك بىر كۆڭۈل مىڭغا چېچىلدى .

تاغلاردەك قىرانىم بىتىدە سۇندۇم ،
نازىڭغا بەرداش يوق ، تېنىمدە مادار .
ئايىغىڭ ئاستىدا تىرىك مۇردىمەن ،
ئىشقىڭدا كۆيگىنى مەن ئەمەس ، باھار .

سدىق ھاجىئەلى

# سېنىڭ ئاۋازىڭ

# ئېچىرقاش

كۆزۈمگە قان تولدى ، لېۋىم چاكۇچاك ،
مۇشتلىرىم تۇگۇلدى ، قەلبىم قاغجىراق .
جاڭگالغا بىر قەدەم قالدى پەقەتلا ،
هازىر بول ئېسىۋەم ، تاشلايمەن قاسراق .

سۇسىز يەر يېرىلسا گۇناهى نېمە ؟
ئوكيانلار باغرىدا تېنەيدۇ كېمە .
ئۆزىنىڭ قېنىدىن يانامتى قىساس ،
قېنى سەن ئېسىۋەم ، قاچىمەن دېمە ؟......

قۇملارنىڭ كۆچۈشى — كۆزۈمنىڭ يېشى ،
پەريادىم ئەۋجىدۇر — تاغنىڭ يېنىشى .
كەلكۈندەك ئەسەبىي تۇيغۇ بىلەن كەل ،
ئېسىۋەم بىر سەنلا كۈتۈشنىڭ چېكى......



# يانۋار ھارپىسى

زىمىستان قەلبىمدە بىر گۈل ئېچىلدى ،
ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدى ھەريان چېچىلدى .
قارىچۇقتا ئۇيۇغان مىڭ يىللىق مۇزۇم ،
يۇلتۇز پارچىسىدەك چۇل-چۇل چېقىلدى .

غۇنچە جىلۋىسىنى كۆرمىگىنىم بار ،
شۇ كېچە توختىماي ياغقان چېغى قار .
تولۇن ئاي ھۆسنىدە بارچە گۈزەللىك ،
مەرھابا ، باغرىمدا توزۇغىن ئەي يار !

مۇزلاردىن ئوت ئېلىپ باغرىڭغا ياقما ،
يىلاندەك ئوت بىلەن يۈرەكنى چاقما .
مەجنۇننىڭ كۆزىدە تىلسىم ئىشكى ،
ئىزدىسەڭ ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىگە باقما .

نىھايەت ، شۇ گۈلگە سوزدۇم قولۇمنى ،
تىكەنلەر قان بىلەن يۇسۇن يولۇمنى .
بۇلبۇلمۇ ئۇخلىماي چىقىدۇ بەلكىم ،
تاڭلارغا ئۇلىغان چاغدا كۈيۈمنى......

# باياۋاندىكى ھەمراھ

كىمنىڭ مەيدىسىنى چوقۇدۇڭ ،
لېۋىڭدىن تامچىلاپ ئاقار قىزىل قان ؟
توزۇغان پەيلىرىڭ ئەسەبىي شۇنچە ،
تاۋۇش ئوكيانىدا ياسايسەن قىيان .

مەختۇمسۇلانىڭ كۆزىگە ئايلىنىپ ،
سۇدىكى باللارغا قاراپ سالدىڭمۇ ؟
نۇزۇكنىڭ دەردىگە دەرمان بولاي دەپ ،
باقىنىڭ يۇرىكىنى چاناپ ئالدىڭمۇ ؟

«قۇشنىڭمۇ يۇرىكى بار دەردىنىمۇ ئۇلۇغ» ،
سەن ئۇچۇن چىمەنگە يېتەمتى قەپەس .
ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بېلىمگە باغلاپ ،
دەرەخ كاۋىكىدا يىغلا بىر نەپەس......



# سۆيۈشۈش

قەلبىم زىمىستانىغا
يېقىملىق قار بولۇپ لەرزان چۈشسەن .
كېچە قاسراق تاشلايدۇ ،
تاڭ شامىلىنى چېكەڭگە قىسىپ ،
تۇيغۇ بوستانىدا يەڭگىل ئۈچسەن......

باھارنىڭ قوللىرى سوزۇلۇپ كېلەر ،
يېشىل كۆڭلىكىڭدىن سەدىقە تىلەپ .
پېشايۋاندىكى گاچا قارلىغاچ ،
لېۋىڭنى كۆرگەندە كېتىدۇ ئۈنلەپ......

ياز قىزىرىدۇ ،
يۇمران مايسىلارغا بىر جىلۋە قىلساڭ .
چۆللەر قۇياشقا ئاشنا بولغاندا ،
سوغۇق تەندە تۇرىدۇ سۇرلۇك ،
قەدىمىڭنى كۇتۇپ تۇرغان ھاڭ .

كۈز يىغلايدۇ ،
جۇدا زەخمىتىدىن سارغىيار چىراي......
بەختىمگە يېقىن تۇرغان ئاخىرقى ياپراق ،
ئەپسۇن ئوقۇيدۇ ساڭا قىيالماي......

لېۋىم لېۋىڭدىن ئاجرىغان دەقىق ،
ئارىلىقتىن تۆت پەسىل كېتىدۇ ئۆتۈپ .
زىمىستان بولىمەن ، سەن يېقىملىق قار ،
ھىدلايمەن ھىدىڭنى يەنىلا قېنىپ......

# «بارسا كەلمەس يول»غا سەپەر

(چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ شۇ ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ )

ئۇيقۇدىن چاقىرىلدىم ،
شېئىر بىلەن دېرىزە چېكىپ
ئۆركەشلەپ يىغلايدۇ بىر يوچۇن ئايال .
ئىشىكتىن يۈگۈردۈم يالىڭاچ پېتى ،
تېخى قۇرۇماپتۇ ،
قىزىلگۈل بەرگىدە قېپقالغان يېشى......
مۇزدەك يۇلتۇزغا دەسسىۋالدىم ،
ئۇپۇقنى بويىدى تاپاننىڭ قېنى :
دېمەك ،
ھەر قەدەمدە پىستىرما-قامال !

قۇلىقىم تۇۋىدە بوغۇلغان ئاۋاز ،
بىر نەپەس ئارامغا بەرمەيدۇ ئىمكان .
ۋاقىت ھاسىرايدۇ قارغىش ياغدۇرۇپ :
— قاچساڭمۇ نېسىۋەم تېنىڭدىكى جان !

كۆز قارىچۇقۇمغا يېپىلدى كۆك نۇر ،
تاغ چوققىلىرى ئۆزىتىدۇ قول......
چۆللەرگە دان تاشلاپ ئۆتتۇم شۇندىمۇ ،
رومالدەك لەيلىگەن چىمەنقۇش ئۇچۇن .
سۇدەك يالىڭاچ ئەركىلىكىمدە ،
«كەنجى باتۇر» قىسسىسى قايتا ئوقۇلدى ؛

هەئە ، مەنزىلىمدە
بارسا كەلمەس يول......

كۆل ئەمدى يىراقتىكى ئەي يوچۇن ئايال ،
ئاتنىڭ تىزگىنىنى تاپتىم يولۇڭدىن .
چىمەننىڭ ھىدىنى پۇرايمەن چوقۇم ،
ئايالىق رەڭلەنگەن ئىپار بويۇڭدىن .



# ئۆرتىنىمەن

مەن بىلەتتىم سەن كۈلگەن تۈنمۇ
نۇر بولاتتى قۇياشنى كۈتمەي .
بەرھەق ،
كۈلدۈڭ جانان ناز-كەرەشمىدە ،
تالقان بولدۇم ئۇنى يۇتالماي......

تاتلىق-تاتلىق تاۋۇشلىرىڭدا ،
مىڭ تۇمۇچۇق ئۇراتتى خەندان .
سەن سايرىغان قەپەس تۇۋىگە ،
بارالمىغاچ ئۆرتىنەتتى جان......

شوخ كۈيلىرىڭ ئارمىغان ئىدى ،
بىر ۋاپاسىز ، نامەرد خوجىغا .
كۆزلىرىمگە ئۇراتتىم خەنجەر ،
سەنسىز تەنها قالغان كوچىدا......

ئەي ۋاپانىڭ بېگانىلىرى ،
باغرىڭلارغا مۇھەببەت ئۇنسۇن !
قارا ئۆڭكۈر ئىچىدە ئۆتەي ،
مەن بىئىلاج ، مەن سایاق-مەجنۇن......

# تەنها قۇش

بوستانلاردىن يىراق ، بەك يىراق ،
قانىتىدا ھىجران ۋە پىراق ،
قارا كېچە يانمايدۇ چىراغ ،
بىر تەنها قۇش سايرايدۇ ئۇزاق......

ھۇۋقۇش ئەمەس شۇملۇق چىللىغان ،
قاغا ئەمەس ئەللەر تىللىغان ،
بۇلبۇلمىكىن گۈلگە يىغلىغان ،
ئۇ تەنها قۇش يارنى سېغىنغان......

مۆلدۈر سوقار گاھى كۆزىنى ،
چاقماق ئۇرۇپ تۇرار سۆزىنى ،
شۇۋىرغانلار سۆيەر يۈزىنى ،
تەنھالىقتىن ئىزدەر ئۆزىنى......

تەلپۈنىدۇ يارنىڭ ھىدىغا ،
ئۆرتىنىدۇ ھەسرەت تىغىدا ،
بارالمايدۇ ۋىسال قىرىغا ،
تۇنجۇقىدۇ ئاچچىق يىغىدا......

ئەي تەنها قۇش ، ئەي يېگانە قۇش ،
ئازابلاردا يوقاتمىغىن ھوش !
يارسىز قېلىش ئەڭ چوڭ يوقىتىش ،
مەنزىلگاھىڭ ئۇچۇش ۋە ئۇچۇش......

# سەۋدا تۇيغۇلار

تۈن يېرىم بولدى ،
ئاي چۈشۈڭدە بارمۇ جانانىم؟
مەن كۆيۈۋاتىمەن ،
سەمەندەردەك ئوتنىڭ ئىچىدە :
كۆيۈش بىلەن ياش تۆكىدۇ ،
ئايدىن ئەگەشكەن مىسكىن ئارمانىم......

گىتارىمنىڭ تارى يىغلايدۇ ،
سەن چېكىپ ئۆتكەن يۈرىكىمنىڭ چېكىلىشىدە......
يەڭگىل تىنىپ ئۇخلاپ كەتكەنسەن ،
«سېنى سۆيىمەن» دەپ پىچىرلىشىمنىڭ
ئەللەيلىشىدە......
ئىزغىرىن شامالدەك بىپەرۋالىقىڭ ،
ئۇچۇپ يۈرەر مەجنۇنتىڭنىڭ غېرىب كۈيىدە......

مىڭ قەدەھ مەي......
كەيپ بولۇپ يۈرىدۇ تومۇرلىرىمدا .
مەن مەست ئەمەس ،
مەست بولماق مۇشكۇل ئىكەن ، بەس !......
ھىجران دەھشەتلىرى چىڭقىلىدۇ نېرۋىلىرىمدا .
سەۋدا قولۇمنى سوزىمەن ،
سەندىن يىراق — ۋەتەندىن يىراق ،
مۇساپىرلىق كوچىلىرىدا......
سەن تەكەببۇر ، سەن زالىم لەۋەن .

نەزىرىڭ يوق چىللاشلىرىمغا......
ئارزۇلايمەن ئىككىمىزلا بار ،
چوغدەك لېۋىڭگە سۆيۈش بىلەن تەڭ
مۇزتاغقا سوقۇلىدىغان بىر پاراخوتنى .
بوينۇمغا يۆگەشسە نازۇك قوللىرىڭ ،
ئوت بولۇپ يېنىپ ،
ھاسىل قىلاتتىم ئوكيان ئىچىدىن
ساڭا مەندەك كۆيىدىغان
ئارال كەبى تۈمەن يۈرەكنى .



# يېگانە

دېرىزىدىن قاراپ كېچىگە ،
ئاچچىق تۇتۇن پۇۋلەپ لېۋىمدە ،
سېنى كۆرگەن تۇنجى دەقىقە ،
مەن يېگانە ئىدىم ، يېگانە .

چاچلىرىڭنى كەينىڭگە تاشلاپ ،
دوستلىرىڭدىن نەچچىنى باشلاپ ،
يۈرگەن چېغىڭ يولدا قاقاقلاپ ،
ئەگىشەتتىم يالغۇز-يېگانە .

روجىكىڭگە بىر تاش ئاتالماي ،
سۆز قىلىشقا جۈرئەت تاپالماي ،
كۆز يۇمساممۇ يا ئۇخلىيالماي ،
مەن يېگانە قالدىم ، يېگانە……

غەيرەت تىلەپ گۈل بار قولۇمغا ،
تەشنا بولۇپ تۇرسام يولۇڭغا .
ئاھ ، نە ئېتەي ، ئوڭۇممۇ-چۈشۈم ،
بىراۋلارنىڭ قولى بويۇڭدا !

# ئاسمان ۋە زېمىن

## قۇياشقا قاراپ

مەشرىقتىن مەغرىبكە ماڭدىڭ ،
كۆز يۇممىدىڭ ئەسىر-ئەرالاپ
زادى ھارمىدىڭ .
تەشنا بولغان قۇللىرىڭ بىلەن ،
ھەر سېكۇنتتا مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ
كائىناتنى باغرىڭغا تاڭدىڭ .
تولغاق نالىسى ،
بىر ئايالنىڭ ئەركە بالىسى ،
ئانىلارنىڭ تەمەسسىز قارىشى......
قاراپلا قالدىڭ .
چانقىڭغا پاتمىغاندا ياش ،
پۈركەنچگە ئوراپ يۈزۈڭنى ،
ئېسەدەشتە بىر نەپەس ئالدىڭ .
بولدى ،
يۈرەكنى ئەزمە .
ساياق بېشىڭدا دۇنيانى كەزمە .
بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى .
شوخلۇق قىلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ ،
ئانامغا قارايلى .
ئېتىكىدە بىردەم ئېغىنىۋال ،
ئاپپاق سۈت تامچىپ تۇرغان كۆكسىگە
بېشىڭنى قويۇپ تازا يىغلىۋال .

پېشانەڭگە سۆيۈپ «بالام !» دېگەندە ،
ئۇخلاپ قالغىن ئانا دەپ جۆيلۈپ……

دۇرۇس ،
بالىلىقتا يانسەن !
سەنمۇ بالىسەن……

## ئايغا قاراپ

كۆرەڭلىمە ئاي ،
نۇر ئىچىدە قەدىمىم بار دەپ .

لەيلى ئەمەسسەن ،
مەجنۇنىڭمۇ يوق .
زۆھرە بولالمايسەن ،
تاھىر ساڭا قىلمايدۇ قۇللۇق .
شېرىن بولۇش چۈشتۇر سەن ئۈچۈن ،
ياردۇر ساڭا ھەسرەت ۋە ھەسەت .
ئات ئۈستىدە مەغرۇر تۇمارىس
ئىپارخانىي ئوقيا ، نەيزە قىپ ،
يۈرىكىڭنى تۇرىدۇ چەنلەپ……

ئوسماڭ بارمۇ قاشقا قويغۇدەك ؟
دوپپاڭ بارمۇ باشقا كىيگۈدەك ؟
قىرىق بىر تال كوكۇلاڭ بارمۇ ،
يىگىتلەرنى باغلاپ يۈرگۈدەك ؟ !

ئايپەرى ، ئايجامال ياكى گۈزەلئاي……
ئۇيغۇر قىزى بولۇپ تۆرەلگىن
قۇچاق ئاچسۇن ساڭا سائادەت !……

## يۇلتۇزغا قاراپ

بىر ، ئىككى ، ئۈچ......
بەش ، ئالتە ، يەتتە......
يۇلتۇزلارنى سانىماق بولۇپ
ئۇزاق ۋاقىت تىكىلدىم كۆككە .

شېرىن تۇيغۇدىن لەرزىگە كەلدىم ،
تاتلىققىنا كۈلكە ئاۋازى
قۇلىقىمغا كىرگەن دەقىقە......
بىر ئىزگۇ كۈي ، ئۇلۇغ مۇھەببەت
قارىچۇقۇمنى تارتتى يەرگە .

قەددىمنى ئەگدىم ، مەڭزىگە سۆيدۇم......
ۋاپادارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ،
غايىبانە بەختكە چۆمدۇم .
بۇلاقلاردەك ۋىلىق-ۋىلىقلاپ ،
يۇرىكىمنىڭ پارىسى قىزىم
يۇلتۇز ئويناپ ياتار بۆشۈكتە......

# يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ

يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ ، بىلەمسەن ، يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ
يىڭنە سانجىلغاندەك ،
ئوتتا كۆيگەندەك ،
تەركىدۇنيا چۆلدە يۈرگەندەك !
ياق ،
سۆيۈشنى بىلمىگەن بىراۋنى سۆيگەندەك......
ياق ، ياق
ئۆلگەن كەپتەرگە قاراپ كۈلگەندەك......

كۆزۈمنى يۇمالمىدىم ، كۆڭلۈم ئۆلمىدى ،
قۇياش مېڭىۋەردى ،
ئاي تۇرۇۋەردى ،
نىھايەت
تارتقان دەردىمنى ھېچكىم بىلمىدى......

مەيخانىغا باردىم ، مەيلەر قاغجىراق ،
ساقىيغا قاراپ كۈلدۈم ، ئۇ غەمدىن يىراق .
ئوكيان سۇغا تەشنا ،
چۆللەر چېچەكتىن بىزار ،
ئوت كۆيمەن دەپ يىغلار......
جەننەتتىن قوغلانغىنى پىراقكەن ، پىراق .

يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ ، بىلەمسەن ، يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ......
ئېغىز ئالمىغان يارا ،

بۇلاقتا چۆكمىگەن كوزا،
ئەمچى تېخى يازمىغان دورا……
كەل،
پەلەك دەھشەتلىرىنى مېنىڭدىن سورا!

يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ، بىلەمسەن، يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ……



# كىرپىكىڭدىن بىر تال بەر

كىرپىكىڭدىن بىر تال بەر جېنىم ،
ئوق قىلىمەن زەھەرخەندىگە .
يۈرىكىمدىن تەشتەك ياسايمەن ،
ياش تۆكمەكچى بولساڭ ئەگەردە .

نائەھلىنىڭ ھەسەتلىرىنى ،
زىنىخىڭغا كۆمۈپ قويىمەن .
تۈننى بېرىپ پىتنىلىرىگە ،
لەۋلىرىڭگە سۆيۈپ تۇرىمەن .

تاماكامنى شوراپ ئۆتكەندە ،
قارىدىسۇن تېنى قاغىدەك .
مۇھەببىتىم بوينۇڭدا تۇمار ،
نېمە بارتى يەنە ئالغۇدەك .

شېئىر يېزىپ تۇرغان ھازىرمۇ ،
قاۋاپ قالدى بەلكى غالجىر ئىت .
پاچىقىمدا ئەركەكنىڭ تۈكى ،
مەغرۇر ئۇندە تۇرىدۇ كۈلۈپ……

# سىنىڭ ئاۋازىڭ

سىنىڭ ئاۋازىڭ كۆز ياشلارغا قىلماس قانائەت ،
كۆلكەڭ بەدىلى ،
ئاۋۋالدىن ئەبەدكە تولغان جاراھەت .
كەچ كۆزنىڭ ئەسەبىي ياپراقلىرىدا ،
زارلايدۇ بىر مىسكىن كۈيدە جىنايەت .

سىنىڭ ئاۋازىڭ غاردەك قاراڭغۇ ،
مىنىڭ كەچمىشىم سەرساندۇر ، سەرسان .
قەبرىستان گۈللىرىدەك باھارنى كۈتۈپ ،
جىمجىت ناخشىسىدا كۆتۈرەر غەليان .
سىنىڭ ئاۋازىڭ غاردەك قاراڭغۇ ،
ئەڭ سوغۇق جىلۋىلەرنى يالمايدۇ ھەرئان .

سىنىڭ ئاۋازىڭدا بولغاندا بىھوش ،
قەدىمىي ئورمانلاردىن ئۈچالمايدۇ قۇش .
يۈرەكنى ئەزگۈدەك غىرىب نەپەسلەر ،
ئاھ مىنىڭ يىنىمدا ، شۇ قەدەر تونۇش .
سىنىڭ ئاۋازىڭدا بولغاندا بىھوش ،
مۇمكىنمۇ ئۆلۈمنىڭ يىنىغا قونۇش .

سىنىڭ ئاۋازىڭ قارغىش ياغدۇرۇپ ،
ئۇخلىغان كارۋانغا بەرمەيدۇ ئارام .

ئۇنىڭ چۈشلىرىگە كىرمەس ھېچنېمە ،
كېچىسى سۆيگۈدەك قىلمايدۇ داۋام .

سېنىڭ ئاۋازىڭ قارغىش ياغدۇرۇپ ،
ئۆلۈكنىڭ كېپىنىنى ئالار سالدۇرۇپ .
ئاۋازىڭ يېنىمدا قىلىدۇ پەرياد ،
بەختىنىڭ زۇلمىدىن بولىمەن ئازاد .



# كونا ئوت

ئاجايىپ تاتلىق بىر قاراشلىرىڭ بار ،
جېنىمنى تېنىمدىن يۇلۇپ ئالغۇدەك .
شۇرلاپ قويىسەن گاھى-گاھىدا ،
تىنىقىڭ يۈرەككە تېگەر سالغىدەك......

لېۋىڭدىن تامغان قان سۆزلەر سۆيگۈنى ،
كۆزۈڭدە ۋىسالغا چەكسىز تېۋىنىش .
قۇچاقلاپ تۇرىمەن يانغان لاۋىنى ،
ۋۇجۇدۇم ئالىمى كۆيۈش ۋە كۆيۈش......

تۇن كەبى ئازابىڭ قاسىرىقى چۈشتى ،
بوينۇمغا يۆگەشكەن بىلەكلىرىڭدە .
جۇنۇنلۇق يۈرەكتىن-يۈرەككە كۆچتى ،
كۆز يېشىڭ تۆكۈلگەن ئېتەكلىرىڭدە......

ھېچنېمە دېمىدىم ، دېيىش نەھاجەت ،
سۆڭىكىڭ قاراسلاپ قالدى تاتلىقىم .
كۆزۈمدىن-كۆزۈڭگە تامغان زىيادا ،
مۇھەببەت ، مۇھەببەت مېنىڭ بارلىقىم......

# سىنى كۆرگىلى ماڭدىم

سىنى كۆرگىلى ماڭدىم يىراقتىكى قىز ،
كۆز يېشىمدا ئۆستۈرگەن بىر تال گۈل بىلەن .
بىلىمەن ، ئاۋۋالقىدەكلا جىمجىت كۈلبەڭدە ،
كۆزۈمدىن ئۈچقانچە غەمكىن كۈلىسەن .

سىنى كۆرگىلى ماڭدىم يۈرەكتىكى قان ،
كۆپچۈگەن تومۇرۇمدا ئېسىلىپ تۇرۇپ .
بوينۇمغا يۆگەشكەن قارا ئارغامچا ،
زارىمنىڭ لەرزىدىن قالار بوغۇلۇپ .

سىنى كۆرگىلى ماڭدىم قوڭۇر رەڭ تۇپراق ،
سىنى كۆرگىلى ماڭدىم مەڭگۈلۈك پىراق .
پەلەك كور قىلغان كۆزۈم كۆڭۈلگە يول بەردى ،
قەلبلەر ئارىسى ئەمەسكەن يىراق .

سىنى كۆرگىلى ماڭدىم ، كۆرگىلى ماڭدىم ،
دار قىلىپ ھىلال ئاينى گۇناھلىرىمغا .
بىرىنچى ئاپرېلدا ئالدانمىدىم راست ،
ئايازنىڭ كۈلكىلىرى ئالدىمدا مانا......

سىنى كۆرگىلى ماڭدىم غېمىم يېگۈچى ،
ئاپامدەك كۆك قەرىدىن دۇئا بەرگۈچى .
پىرچەڭگى ، ناخشا قىلىپ ئۇقۇ نالەمنى ،
بەھۇزۇر ئۇخلاۋەرسۇن
بىر گۇناھكارغا قۇچاق كەرگۈچى !......

# كۆلۈپ تۇر

كۆلۈپ تۇر……
قارلىغاچتەك سايرىشىڭ بىلەن ،
گۈللەر ئۇچۇن باھارنى چىللاپ .
كۆلۈپ تۇر……
نىگاھىڭدىن تامسا بىر قەترە ،
چۆللەرمۇ مەن كەبى ئۆتىدۇ يىغلاپ .

كۆلۈپ تۇر……
رەقىبىنىڭ باغرى قان بولسۇن ،
مەجنۇنىڭ جىلۋەڭگە ئارمىغان بولسۇن .
كۆلۈپ تۇر……
پەلەكنىڭ چۇشى بۇزۇلسۇن ،
كېچىنىڭ مەمەدان بويى ئېگىلسۇن .

كۆلۈپ تۇر……
چېچەكلەر چېھرىگە زىننەتتەك قونۇپ ،
كۆڭۈل ئاسمىنىمدا يۇلتۇزۇم بولۇپ .
كۆلۈپ تۇر……
تۇمۇچۇق قالسۇن بىر چەتتە ،
مەن چىنار شېخىدەك كەتسەممۇ سۇنۇپ……

# دېڭىزغا قاراش

پايانسىز دېڭىزغا قارىدىم ئۇزاق ،
تىنىق كۆزلىرىڭنى قىلغانچە خىيال .
ئۆرتەندىم ، لېۋىمدە كۆيەر تاماكا ،
بەڭباش قىسمەتلەرگە بولمىغاچ ئامال .

مۇڭ باستى قەلبىمنى ، ئاھ دېدىم بىر رەت ،
كۆكتىكى چايكىغا بەخت تىلىدىم .
ئىزىمدىن ئىسمىڭنى كۆردۈم ساھىلدا ،
بېلىقچى بوۋايغا قاراپ كۈلمىدىم .

تىترىگەن قولۇمنى سوزدۇم يىراقتەك ،
لىغىرلاپ - لىغىرلاپ تۇرغان دېڭىزغا .
شامالللار ئەپقاچقان ئېتىكىڭ بىر چاغ ،
دېڭىزنىڭ سۈيىدەك كېلەتتى ئاستا .

بېلىقتىن تەلىيى كەلمىگەن بوۋاي ،
قارماقنى قۇچاقلاپ كەتتى يىراققا .
مەن ئۇچۇن دېڭىزغا ئايلاندىڭ جېنىم ،
كۈتۈشتىن كەچمىدىم ھەرنېمە بولسا .

# يىغلىما جېنىم

كېچىنىڭ قوينىغا چۈشتۈم تامچىلاپ ،
بەلكىم سەن ياش قىلىپ تۆككەنسەن مېنى .
شاماللار تېپتىنچ بولدى توساتتىن ،
گويا مەن تۈنجى رەت كۆرگەندەك سېنى .

تولۇن ئاي دېمەيمەن ، يۇلتۇزلارمۇ يوق ،
چاچلىرىڭ يۈزۈڭنى ياپتىمۇ جېنىم ؟
قىرغاقلار بۆسۈلدى ، چىقتىم كۆۋەجەپ ،
ھېجىر شارابىدىن تۆكتۈڭ بىر تېمىم .

مۇھەببەت كوچىسىدا تېنىگەن جانلار ،
كېلىڭلار ، ئاقايلى توپان سۈيىدەك .
جانانلار قايغۇسى تەگسىز يۈرەككە ،
غېرىبقا نان بولغان مۇقام كۈيىدەك .

ئالىقاننى كۆتۈردۈم ، يىغلىما جېنىم ،
نالەمدە تەۋرىنەر ئىشق كوچىسى .
پەرھادنىڭ پالتىسىغا قوشۇلدۇم جىمجىت ،
شېرىنغا زىنىخ بولغاي ھېجرىنىڭ تېشى .

# يەنە بىر كېچە

جېنىم !
دولقۇنلارغا باغرىمنى ئېچىپ ،
سېنى چاقىردىم .
ساھىلدا يىغلاۋاتقان غېرىب كېچىگە ،
يۇلتۇزلار تۆكۈۋاتقان قاننىڭ يۈزىگە
قاراپ باقمىدىم .

ھىلال ئاي زىنىنخىنى سىزدى كۆزۈمگە ،
بىر جۈپ قىلىچتەك .
بوينۇمدا قاپقارا بىر بوغما يىلان ،
يەرنى قاسىدىم
سۇنغان ئېلىپتەك .

جېنىم !
تېغىڭنىڭ ئۈستىدە بىر غېرىب بەندە ،
ھۆۋلايدۇ يۈرەكتەك ياتقان قەبرىگە .
قەدىمىڭ يەتمىگەن چۈشلىرىم بۈگۈن ،
باشلاپ بولالمىدى مېنى سەۋرگە .

پەرھادنى ئادا قىلدى شېرىنىنىڭ دەردى ،
بۇلبۇلنى قان يىغلاتتى قىزىلگۈل بەرگى .
مەن تېخى تۇنلەرنى ساناپ يۈرىمەن ،
ياقامدىن ئالمىدى يا سۆيگۈنىڭ قەرزى .

سەن نېچۈن سەھەردەك سۈزۈلۈپ تۇرۇپ ،
تۇپراقنىڭ دەردىگە كەتتىڭ قوشۇلۇپ ؟
مەن نېچۈن بارمىدىم سېنىڭ بىلەن تەڭ ،
پەلەكنىڭ قەرىگە قولۇڭدىن تۇتۇپ ! ؟......

جېنىم !
دېڭىزمۇ بىھوش بولدى بىر كېچە يىغلاپ ،
مەن ساھىلدا ،
بىناۋا قۇشلارنىڭ بېشىنى سىلاپ......



# بىر تال تاماكا بەر

بىر تال تاماكا بەر ، بىر تال تاماكا ،
شورايمەن قىياس قىلىپ ئازابلىرىمغا .
تاغلار ئېتىلغاندا ،
نەپسىم يېرىلغاندا ،
كۆيۈپ تۇرۇپ كۆكلەيدىغان
بىر تال ئۇرۇقتەك
ئۆزۈمنى تېرىيمەن قاراقلىرىمغا .

بىر تال تاماكا بەر ، بىر تال تاماكا ،
ئۇنىڭ كۆيۈشىدىن ئوت كەتسۇن ماڭا .
كۆكۈچ تۇماندا ،
يېشىل ئارماندا ،
باھار چېچەكلىرىنى چاچاي يولۇڭغا .

بىر تال تاماكا بەر ، بىر تال تاماكا ،
يۈرەكتەك چوغ بولسۇن ئۇ
لەۋلىرىم ئارا .
كۆك كەپتەردەك بۇقۇلداشلىرىم ،
چاقماقتەك قاراسلىسۇن گۇلدۇرمامىدا .
بىر تال تاماكا بەر ، بىر تال تاماكا......

# مەن سېنى كۈنلەيمەن شاماللاردىنمۇ

باغلارغا كىرسەڭ كىر، گۈللەرگە كۈلمە،
تەبەسسۇم قىلمىقىڭ مېنىڭ ئۈچۈندۇر.
چاي ئىچكەن پىيالىنى سۆيمىگىن، سۆيمە،
لېۋىڭ جان، لېۋىمگە بىرلا يۇتۇمدۇر.

كۆزلىرىڭ كۆزۈمگە تىكىلسۇن پەقەت،
كۆڭلۈمدە مىڭ بوستان سەيلە ئەتمەككە.
مېنىڭلا قولۇمدىن تۇز يەيسەن ئەبەد،
يۇغۇرۇپ قەلبىڭدىكى چىن مۇھەببەتكە.

مەن سېنى كۈنلەيمەن شاماللاردىن ھەم،
چېچىڭدا ئۆمرۈڭگە باغلانغىنىم راست.
باغرىمنى ماكان قىل بەڭباش پەرىشتەم،
سۆيۈشكەچ بەختكە بولىمىز ھاپاش.



# تاقەتنىڭ چېكى

كەل ، باغرىمغا باساي !
يامغۇردا يۈرمە .
كەل ، بوينۇمغا ئاساي !
پەرىشان كۈلمە .

بىلىمەن ،
ئازابلارغا چىدايسەن جىمجىت ،
ئۇسسىغان گۈللىرىڭگە سۇ قۇيىسەن ،
يۈرىكىڭ مىڭ بۆلاقنى تۇرسىمۇ كۆتۈپ .

بىلىمەن ،
غېمىمنى يەيسەن ، بويلىرىڭ تىترەپ تۇرسىمۇ .
كىيىمىمنى يامايسەن ،
گۈلدەك يۈزۈڭگە يامغۇر ئۇرسىمۇ .

ئۈيلىپ قاراشلىرىڭنى ،
تارتىنىپ كۈلۈشلىرىڭنى ،
مەن خىرامان ئۇخلاپ كەتكەندە ،
مەيىن شامالدەك
ئەتراپىمدا يۈرۈشلىرىڭنى......
هەر كېچىسى خىيال قىلىمەن .
جېنىم ،
يۈرىكىمنىڭ كۆيۈشلىرىنى ،
قورام تاشتەك قوپاللىقىمدا

سېغىنىشىنىڭ يېنىشلىرىنى
ئۈزۈم بىلمەن .

كۆتۈشىنىڭ چېكى
سەن يىغلىغاندا ،
مەن يېرىلغاندا
ئىككىمىزنىڭ قەلبىدىكى ئوت
بىر-بىرىگە ئېتىلغان چاغدا......
ئويغىنىدۇ ، يۇمىلايدۇ بىر .
تاقەت قالمىدى .
كەل ، باغرىمغا باساي !
كەل ، بوينۇمغا ئاساي !



# سەن دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا

1

سەن دەرۋازىدىن جىمجىت چىقىۋاتقاندا ،
مەن شەھەر سېپىلىدا قاراپ تۇراتتىم .
يولدىكى ماشىنىلارنى سوقۇپ ئۆتكىنىڭدە ،
ۋاقتىنىڭ ئەگمىسىنى تەتۈر قوياتتىم .
قۇم بارخانلىرىدەك يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ،
يەردىن بىر تال ئاچقۇچنى ئالدىڭ .
باغرىمدا دەريادەك سوزۇلۇپ ياتقان
تارام-تارام يارىلارغا قاراپ سالدىڭ .

بۇ يوللاردا تېرەك يوق ،
ئەگىۋاتقىنى روھلار سايىسى .
ئىبرەتسىز يوللار بۇ ،
خارابىگە ئايلانسىمۇ جان ھېكايىسى .
ئاچقۇچنى چىڭ تۇت ،
قاراڭغۇ چۈشتى .
پالتامنىڭ ئىزى بار غارنىڭ ئىچىگە
قويۇپ قويغان نېيىمنى پۈۋلە......

قەدىم زاماندا ،
يىراق ماكاندا ،
بىرى بار ئىدى .
ئۇنىڭ جامالىغا جاھان تار ئىدى .

ئانىسى يۇلتۇز ئىدى كۆكتە پارلىغان ،
دادىسى بىر نۇر ئىدى يەردە ئايىنىغان .
ئۇنىڭ توققۇز ئاكىسى توققۇز تاغ ئىدى ،
بىر قۇدۇقنىمۇ تولدۇرالمىغان .
ئۇنىڭ توققۇز ئاكىسى توققۇز باغ ئىدى ،
بىر تال كۆچەتنىمۇ سىغدۇرالمىغان .
ئۇلار دادىسىغا قارىتىپ توققۇز ئوق ئاتقان ،
ئىنىسىنى ئون سەككىز يارماققا ساتقان .
كۆكتىن چۈشكەن بىر تامچە ياش
«ئاھ ، يۇسۇپ !» دېدى .
ئۇ يۇلتۇزمۇ ئانىمىزدەك مېھرىلىك ئىدى .

سەن يۇسۇپ ئەمەس ،
يۇسۇپجانسەن ، بەس !......
سېنىڭ توققۇز ئاكاڭ يوق ،
پەقەت بىرسى بار ،
تاغ باغرىدا نەي چالسا دەپ ياساپ قويغان غار .

يوللار ئۇزۇن......
بۇ كېچە قېنىپ ئۇخلىۋال !
ئاچ قالغان قۇدۇقلارنى قاندا تويدۇراي ،
سەھەر پەيتى
كۈلۈپ تۇرۇپ مەغرۇر قەدەم ئال......

سەن جىمجىت ئۇخلاۋاتقاندا
تاغ چوققىلىرىدا قاراپ تۇرىمەن ،
ئون سەككىز مۇردا بولار ئون سەككىز تىيىن .
سوغۇق زەنجىر كىرىپ قالسا چۈشۈڭگە ئەگەر ،
ئالتۇن گۈرزە تۇتۇپ تۇرغان ئاكام بار دېگىن......

— يۇسۇپجان !
«ئاكا» دەپ يۈرىكىڭدىن كۈلۈپ قويىسەن .
كۈن تولغاندا ،
ئاي تۇغقاندا ،
ئودغۇرمىش غاردىن چىققاندا ،
ئۆگدۈلمىش ۋىسال قۇچقاندا……
تەختىم يېنىدىكى خاس ھاجىپىمسەن !……

2

يامغۇرلۇق كوچىلاردا يۈرسەڭ پەرىشان ،
يېگانە قەبرىدىن چىققان مەن ئىدىم .
پىرچەڭگى كۆيمە ياتقان ئېزىلىپ ،
سەندەك يا مېنىڭدەك باغرى قان يېتىم .

پەلەكنىڭ چاقىدا يانجىلغان تاشنى ،
بىر قەدەھ مەي بىلەن ئاتتىم دېڭىزغا .
كېمىنىڭ مەنزىلى قاراڭغۇ كېچە ،
ياراڭنى جىمجىتلا بەردىم يۇلتۇزغا .

ئالىقان چۆللۈكىگە پالانغان ئۆمۈر ،
قەدىمىي خارابىلەردە ياتار كۆمۈلۈپ .
گۈلمۇ يا گۈلچىمۇ كۆزلىرىدە ياش ،
بەختىنىڭ ئۆلۈكىنى كەلگەن كۆتۈرۈپ ؟

جەھلىدە يانغاننى قۇياش دېمىدىم ،
ئۇيقۇ ھويلىسىدا پورەكلىگەن گۈل .
تۇمۇچۇق قەپەستىن ئاقىدۇ قاندەك ،
ئەي يۈرەك ، مەيدەمدىن يوللارغا تۆكۈل .

# ئەپسۇن ئالدىدا

كۆزۈمنى يۇمدۇم ،
جاھاننەما ئېچىلدى……
ئەي ، ئەتىنىڭ چۈمپەردىسگە ئورانغان گۈزەل !
مۇھەببەتكە ئايلانغان بەختىياشلىقىڭ ،
قىزىلگۈل بولۇپ
يىگىتلىكىمگە بارىكاللا ئوقۇپ
ئۆمرۈمگە چېچىلدى……

مەن گېزىت ئوقۇۋاتىمەن ،
سەن ئائىلىلىقىڭ بىلەن كەلگۈسىمىزنى توقۇۋاتىسەن .
ئوغلۇم مېھرىمىزنى تۆشەك قىلىپ ئۇخلاۋاتىدۇ ،
قىزىم سۇت سېغىنىپ يىغلاۋاتىدۇ .
قوپاللىقىمدا سېنى سۆيۈۋاتىمەن ،
كۆزۈڭ يېشىدا مەن ئۇچۇن كۆيۈۋاتىسەن .
يۇلتۇز ئاينى ئىتتىرىپ ،
ئاي بۇلۇتتىن يۇلقۇنۇپ
ھۇجرىمىزنى ماراۋاتىدۇ ،
بىر جۈپ گەۋدىنى ساناۋاتىدۇ .

سەھەردە ،
گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرۇپ ،
شىۋىرلىغانچە مەيدەمگە ئۇرۇپ ،
تىزىقىڭنى ئاۋايلاپ سۇنۇپ
سەپەرگە ئۇزاتتىڭ مېنى .

كۆزۈڭگە ئەمەس ، تاملارغا قاراپ ،
ياق ،
سۇمبۇل چېچىڭنى جېنىمدا تاراپ ،
يېشىڭ تامغاندا
تاماكا شوراپ ،
تىزىقنىڭ ئارىسىغا يۆگىدىم سېنى .
تەكچىگە قويۇپ قويغان
بىر چىنە قېتىق ،
بىر پىيالە قايماق
يىغلاۋاتاتتى .
ئۆينىڭ چىرىغى ، ئىشىك قۇلۇپى
پاچىقىمدىن قارماۋاتاتتى .
ياق ، مەن مېڭىشىم كېرەك !
بىر كۆزلۈك يالماۋۇزنىڭ ئەپسۇنىدا ،
قېتىق قانغا ،
قايماق يىرىڭغا ئايلانسا بولمايتتى......
چىپار ئات ئىشىك ئالدىدا ،
«ئەركەك ، ئەركەك» دەپ توۋلاۋاتاتتى .

ئىككىمىز خوشلىشىۋاتقاندا ،
كەپتەر مۇڭلۇق كۇلۇۋاتاتتى .
مەن قولۇڭنى چىڭ سىققان چاغدا ،
ياردار بولمىغان بىر جۇپ كېپىنەك
قۇچاقلاشقىنىچە ئۆلۈۋاتاتتى......
ئىككىمىز خوشلىشىۋاتقاندا ،
كۆكتىكى ئاي تولۇۋاتاتتى .
بىز يۆلىنىپ ئولتۇرغان چىنار ،
يەرگە بېشىنى قويۇۋاتاتتى .
گۈلگە قاراپ ئولتۇرغان بۇلبۇل ،
ئۆزىنىڭ قېنىنى سۈيۈۋاتاتتى......

# پىچىرلايمەن ساڭىلا پەقەت

كەل ، قولۇمغا ئىسىل !
نى بالانى كۆتۈرگەن بەستىم ،
يۈك بىلمەيدۇ سىنىڭ مېھرىڭنى .

كەل ، جېنىمغا قېتىل ،
ئۆمۈرنىڭ پەيمانى تولغان بولسىمۇ ،
يات كۆرمەيدۇ سىنىڭ دەردىڭنى .

كەل ، يۇم-يۇم يىغلا جېنىمنىڭ جېنى ،
ھەسرىتىڭ يۈرىكىمگە ئاقسۇن تامچىلاپ .
كەل ، مەيدەمگە ئۇر ، تىللا ھارغۇچە !
ئەجەب ئەمەس ،
ۋەدىلىرىم لېۋىڭ ئارا قالسا غۇنچىلاپ .

كۇپايە ماڭا ،
قارا يامغۇر چۈشكەن غېرىب كەچ !
بىر تال تاماكا
ياكى زېمىن چېلىۋاتقان غەمكىن مۇزىكا......

كەل ، ھۆل بولغان چاچلىرىمنى سۇرتۇپ قوي ،
كۆيۈۋاتقان لېۋىمگە سۆيۈپ قوي !
كەل ، كەيپ بولغان تۇيغۇلىرىمنى
يۇمشاق قولۇڭ بىلەن يەڭگىل تۇتۇپ قوي !......

# ئانا

## 1

— ئانا !......

يەنە كەچ بولدى ،
ئاسمىنىمغا يۇلتۇزۇڭ تولدى .
ئوغلۇڭ ،
سەن ئۈستۈرگەن قانتى بىلەن
بۇلدۇقلاپ تۇرۇپ چىنارغا قوندى......
ئوغۇز سۇتۇڭدەك سېغىنىش بىلەن ،
قالغان ئىزىڭغا بېشىنى قويدى......

— ئانا !......

سەندىن مىراس تەنهالىقىمغا ،
سېنىڭدەكلا مېھرىمنى بەردىم .
زىمىستاندەك رېئاللىقىمغا ،
كۆلكەڭ بىلەن باغرىمنى كەردىم .
كىچىكىمدە باغرىڭغا ئېلىپ ،
بىردىن-بىردىن ئاغزىمغا سالىدىغان مېغىزدەك
تېرىلىپ تۇرغان يۈرىكىمنى ،
سېنىڭ قولۇڭ بىلەن ئاۋايلاپ تەردىم......

— ئانا !......

بوينۇمغا ئاسقىنىڭ تۇمار ئەمەسكەن ،
بەلكى يانار تاغ ،
ئوكيانلارنىمۇ بۇلدۇق-بۇلدۇق قاينىتالىغان .
بوينۇمغا ئاسقىنىڭ تۇمار ئەمەسكەن ،
بەلكى ئېرەمباغ ،
چاڭقىغان چۆللەرنىمۇ ئاينىتالىغان .
بوينۇمغا ئاسقىنىڭ تۇمار ئەمەسكەن ،
بەلكى يۈرىكىڭ ،
بۇلبۇلنى ئۇخلاتماي سايرىتالىغان......

— ئانا !......

تىزىمنىڭ ئاستىدا جايىنامازىڭ بار ،
ئۆمرۈڭنىڭ بېغىدىن دۇئا كۆكلەتكەن .
بېشىمدا مېھرىڭ قوللىرىڭ يانار ،
ئوغلۇڭنى ئەردەك سۆزلەتكەن......

— ئانا !......

تاڭ ئاتاي دېدى .
جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىڭمۇ قىيا ،
سۈتۈڭدەك مېھرىڭدە بەردىڭمۇ دۇئا ،
پەلەكتىن كەلكۈندەك بىر نۇر يامرىدى !
ئوغلۇڭنىڭ كۆزىدە قۇياش پارلىدى !

— ئانا !......

بوينۇمدا بار زۆھرە يۇلتۇزى......

# 2

يىغلاي دېسەممۇ ئىمكان بولمىدى ،
كۈلەلمىدىم ئاھ قاقاقلاپ تۇرۇپ .
ئاي پارە بولغان قارا كېچىدە ،
قەبرەڭگە ئاستىم يۈرەكنى يۇلۇپ .

بۇلبۇل نالىسى گۈلگە ئاقمىدى ،
تەمكىنلىكىڭنى ئۆگەندى دۇنيا .
ئۆركەشلىگەن سۇ بولدى قەسىدە ،
تاغلار بەستىگە ياماشتى دۇئا .

كەڭ ئالىقىنىڭنى ئاسماندەك قىلىپ ،
بەڭباشلىقىمغا قىلغانتىڭ تۇمار .
قالقان بولۇشنى ئىزدىدىم لېكىن ،
جان مۇئەككىلى قويمىدى زىنھار .

ئىزىڭدىن ئۈنگەن قەھرلىك گۈلنى ،
تىكىنى بىلەن باغرىمغا باستىم .
لېۋىڭدىن ئاققان ئارمانلىرىڭنى ،
قانلىق قەسەمدە بوينۇمغا ئاستىم .

# مەن سېنى سېغىنغاندا ئۈچمىدى قۇشلار

مەن سېنى سېغىنغاندا قۇياش يىغلىدى ،
بۇلبۇل ئەما بولدى ، گۈلنى كۆرمىدى .
پالتىنىڭ بىسىدىن كۆكلىگەن پەرھاد ،
ئۈنتۈدى شېرىننى ، يەرنى تىلغىدى .

مەن سېنى سېغىنغاندا كۆلمىدى باھار ،
تاغلارنى يانجىدى ئېچىرقىغان غار .
ۋاقىتنىڭ زۇۋانى قالدى تۇتۇلۇپ ،
ھىلال ئاي بويىنغا بولغان كەبى دار .

مەن سېنى سېغىنغاندا ئۈچمىدى قۇشلار ،
دۈشمەنگە ئايلاندى تۇغقان-تونۇشلار .
كۆك كەپتەر چىشلىگەن زەيتۇن شېخىدىن ،
نەي ياساپ چېلىشتى قارا ھۇۋقۇشلار .

مەن سېنى سېغىنغاندا بۆرە ھۇۋلىدى ،
ئوغۇزخان قەبرىسىدىن چىقتى ، توۋلىدى .
قۇملارنىڭ پايانىدا ياتقان چېغىر يول ،
پەلەك چۆللۈكىدىن كېيىك ئۇۋلىدى .

سېغىندىم چىمەنىم مەيدەمنى كېرىپ ،
ئوت بولۇپ ئۆلغايدىم ، كەتمىدىم ئېرىپ .
دەس مىندىم چاپچىغان چىلان تورۇقفا ،
ئاھ نېمە دەيمەنكىن يېنىڭغا بېرىپ......

# ئاتۇش

رەنجى پەلەكنىڭ يامغۇرى ياغسا ،
مەيدەمنى كېرىپ تاشقا ئايلاندىم .
تاغلار سىلكىنىپ ، تەۋرىگەندە يەر ،
ئۆمرى خورىماس باشقا ئايلاندىم .

تاش ئېتىپ رەقىب ، بولدىلەر ھەيران ،
چۆل-چۆل بولمىغان بېشىمنى كۆرۈپ .
تەكلىماكاننىڭ باغرى ئېزىلدى ،
ئاتۇشقا ئاققان يېشىمنى كۆرۈپ .

يوللىرىڭ يامان ، چىرايىم سامان ،
بۇغدايلىقىمنىڭ خامىنى ئاتۇش .
سۆلتىم دادام ، دۆلتىم ئانام ،
كارۋان كۈيىنىڭ ئارمىنى ئاتۇش .

كارۋانلىرىڭ بار چۆللەردە يۈرگەن ،
ئالتۇن قوڭغۇراق توۋلايدۇ سېنى .
ئەلانۇرخاننىڭ يانغان كۆزلىرى ،
كېچە باغرىدىن ئۇۋلايدۇ سېنى......

# كۆزۈمنىڭ قارىسى بولدى غەم يېمە

مەجنۇنغا تاغلارمۇ بولالماس پاناھ ،
كۆلكىدىن ئەلەمنىڭ ئارتۇقى نېمە ؟
لەيلىنىڭ دەردىنى سۆزلەيدۇ تاشلار ،
كۆزۈمنىڭ قارىسى بولدى غەم يېمە .

ھىجراندا ياسالسا نوھنىڭ كېمىسى ،
ۋىسالنىڭ لەرزىدە بولىمىز توپان .
قېنىمدەك تامچىلاپ ئۆزسا تۈنلەر ،
كۆز يېشىڭ قىيانىدا لەيلەيدۇ جاھان .

جەبىرنىڭ پايانىدا يېگانە ئوتسەن ،
ئاھ ، مېنىڭ جېنىمغا جېنىڭنى قاتاي .
لېۋىڭدىن مەن ئۈچۈن ئېچىلسا بىر گۈل ،
بۇلبۇلدەك مىڭ كېچە يېنىڭدا ياتاي .

تاماكا ، ئېرەمباغ ، تاڭنىڭ شامىلى ،
مېھرىڭنىڭ ھىدىدەك بېرەلمەس ھۇزۇر .
قەسەمكى ئاشىقنىڭ نالىلىرىدىن ،
سەن دېگەن مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك غۇرۇر .

ئەي مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەن پەرىشتەم ،
يىلاندەك تولغىنىپ كۆيىسەن مەغرۇر .
چاچلىرىڭ دولقۇنى قىرىق بىر قامچا ،
ئۇر ، مەندەك ئاشىقنىڭ يۈرىكىگە ئۇر .

يولۇمدا تۇپراقتەك ئەزىزدۇر ۋەسلىڭ ،
قەھرىمدە ، مېھرىمدە سۆيىمەن سېنى .
تولۇن ئاي تۇڭلۇكۇمدە كۆيەر لاۋۇلداپ ،
چىمەن دەپ ئېيتىلسا ئاتۇش غەزىلى......



# ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى

(1)

ساھىل بويىدا،
قومىلار قاغجىراپ يىغلاۋاتقاندا،
مېھرىبان چايكا ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن
قىيا تاشنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقاندا،
سېنىڭدەكلا بىر مۇڭلۇق ناخشا،
ئاسمىنىمغا يامراۋاتقاندا……
ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسىنى ئەسلەپ قالدىم!

نە ماۋزۇسى يوق،
نە پېرسوناژى.
ئابزاسى ئايرىلمىغان،
تىنىش بەلگىلەر قالايمىقان چېچىلغان،
ھەرپلەردىن ئىزنا يوق بىر ھېكايە……

گۈللەرنىڭ نازلىرىدىن بىزار بولغان كېپىنەك
چۈللۈكنى چۈشەۋاتاتتى.
قانداق ئۇسسىغانلىقىنى،
تاپانلىرىنىڭ قاناشلىرىنى،
كىندىكى ئىچىگە ئۆزىنى بەند قىلىپ،
دەشت - باياۋانغا ئىپار بولۇپ تاراشلىرىنى چۈشەپ قالدى.

جىمجىت بىر ھېكايە سۆزلىنىۋاتىدۇ
دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدەك جىمجىت.

بىر ھېكايە ،
لەكىمنىڭ شائىر يازغان بىر سۆز ياكى مىسرا .
ئۇنىڭدا يۇسۇپ قۇدۇقتىن چىققىلى ئۇنىمايدۇ .
ئۇنىڭدا ئىسكەندەر سېپىل سوقمايدۇ .
شەيتان توپىدىن يارىلىدۇ ،
ئادەم يەنىلا......

قارا رەڭلىك بىر ھېكايە سۆزلىنىۋاتىدۇ ،
بىر ھېكايە
ياكى نوھنىڭ كۆز يېشى .
زەيتۇننى قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇۋالغان كەپتەر
ئۆلۈۋالىدۇ .
سەجدىدىكى پەرىشتىلەر
بېشىنى كۆتۈرمەي كۆلۈۋالىدۇ .
قەبرىلەر ئېتىكى بىلەن مۇردىلارنى يۆگىۋالىدۇ .

بىر ھېكايە سۆزلىنىۋاتىدۇ ،
ساھىل بويىدا .
ياكى ئىككىمىزنىڭ
ئەنجۇر ياپرىقى گۇۋاھ بولغان ،
غەمكىن تويىدا .

بىر ھېكايە سۆزلىنىۋاتىدۇ ،
ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى......

(2)

يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ،
سەن كۆلۈۋاتىسەن .

سىنى جەننەتتىن ئەپقاچقىنىمنى ئەسلىدىم……
قۇشلار سايرىدى ، تىلى چىقمىدى .
دەرەخلەر قارىدى ، كۆزى كۆرمىدى .
پەقەت ئەنجۇرلا رەسىدە بولدى .
ئۇنىڭ چىڭقالغان كۆكسى ئالىقانغا تولدى .
سىنىڭ تولغىنىشىڭ ،
مىنىڭ بوغۇلۇشۇم ،
يىلان ئېزىپ كەتتى……
پەرىشتىلەر ئىبادەتتىن تېزىپ كەتتى .
بىر مۇدەررىسنىڭ يۈرىكى قىزىرىپ كەتتى .

يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ،
بىزنى قوغلاۋاتىدۇ
ياكى قوغداۋاتىدۇ .

تۇپراقتەك ئېزىلدىم .
مەن ئوغرى ئىدىم .
مىنى بەزلىدىڭ ،
قوينۇڭغا تىقىۋالغان جەننەت مېۋىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .
ئاشقان ئۇرۇقىنى كۆمۈۋاتقاندا ،
ھەرە كۆرۈپ قالدى ،
قارىغاچ ئۇنىڭ تىلىنى چوقۇۋالدى .

يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ،
خۇددى مەن ساڭا ياغقاندەك ،
سەن ماڭا .
لاي بولدۇق ،
زېمىنغا تولدۇق ،
دېڭىزدىن ئۈرلەپ قوشۇلدۇق ئاڭا .

يامغۇر يېغىۋاتىدۇ……

# كەل ، مېنى ئادا قىل قىيناشلىرىڭدا

سەن ئۇچۇن لاۋۇلداپ كۆيگەن چېغىمدا ،
يامغۇردەك يېغىشىڭنى قىلىمەن خىيال .
نە يامغۇر ، كۆزۈمدىن تۆكۈلەر ئاستا —
سارغايغان غازاڭلار ، تىترىگەن شامال .

سەن يۈرگەن داۋانلار يولۇڭدا بەلكىم ،
مەن كەبى خورسىنىپ تۇرغاندۇ جېنىم .
مەن كۈتكەن ۋىساللار مۇناجات بىلەن ،
كېچىنىڭ باغرىغا تۆكۈلەر سىم - سىم .


مۇھەببەت كۆمۈلگەن چولپان كۆزۈڭگە ،
بىر مەرتەم قاراشقا بولدۇم ئىنتىزار .
كەل ، مېنى ئادا قىل ئۆز قولۇڭ بىلەن ،
يۈرەكنىڭ قېتىغا باش قويۇپ تەكرار .

يامغۇرلۇق پەسىللەر نەقەدەر گۈزەل ،
ئاھ ، مېنىڭ ئازابلىق مۇھەببىتىمدەك .
چاكۇچاك بولغان لەۋ يېتەرمىكىنتاڭ —
بارمىقىڭ ئۇچىغا ، يازغان خېتىمدەك ؟

ھەرقاچان كۆزلىرىم ئالدىدا لەيلەپ ،
مەست قىلار خۇيلىرىڭ ، بەڭباش گۈزىلىم .
تەمبۇردەك مىڭ يىللىق ھەسرىتىم بىلەن ،
بىر كۈيگە ئايلانسام ئۆرتەنگەن پېتىم .

ھەي ، دەردلىك رېئاللىق — پەسىل ئەركىسى ،
سەن مېنى ئۆيغاتتىڭ يەنە سەھەردە .
زۇلمەتتەك ياناتتىم ئازابىم بىلەن ،
زۆھرەگە ئايلانغان بولساڭ ئەگەردە .

تاغلارنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ تۇرۇپ ،
قايىنغان قانلىرىمدا يېزىپ قويدۇم خەت :
«يالغۇزلۇق ، كۆز يېشى ، ھەسرەت ۋە كۆيۈش ،
مۇھەببەت رومانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بەت !»



ئالىمجان قاسىم

# ياز داۋاملاشماقتا

# ياز ئاستىدا (1)

ياز ئاستىدا
ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق .
سۆزلەرنىڭ سالقىنلىقىدىن
جىممىدە ھوزۇرلىناتتۇق .
خىياللار
يوپۇرماقلارغا رەڭ بېرىپ تۇراتتى .
قۇشلار
بىزنىڭ ئاۋازىمىزدا ناخشا ئېيتاتتى .
يانمۇيان ئولتۇراتتۇق ،
سىغدىلىپ كىرەتتى
ئارىمىزغا يۇمشاق ئەسلىمە .
ھازىر ئاۋاتلىشىپ كەتتى
لاي ۋە قۇملاردىن
كىچىك ۋاقتىمىزدا ياسىغان قەلئە .
شىلدىرلايتتۇق
يېنىمىزدىكى ئېرىق سۈيىدەك .
سۇ ئەجەبمۇ يۇمشاق ئىدى
خۇددى بىزنىڭ مېھرىمىزدەك .
ياز ئاستىدا
شۇنداق ئۇزاق ئولتۇردۇق .
سۆزلەرنى مارجان قىلىپ
بىر يىپقا تەڭ ئۆتكۈزدۇق .
قەلبىمىز ياز تەپتىدە پىشتى .
مەيىن شامال
بىزنى سىلاپ ئۆتمەكتە ئىدى......

# ياز تەرلىمەكتە

ياز چاپىنىنى سالدى ،
مەن يامغۇرغا زار بولدۇم .
بىر كېتىپ كەلمىگەن يارغا
ئاشىق - بىقارار بولدۇم .
سېنىڭ سۆزلەيدىغان كۆزۈڭنى
كۆزۈم بىلەن كۆرەلمەيمەن .
ئەمدى ئىسسىق بارماقلىرىڭنى
خىيالىم بىلەنلا تۇتىمەن .
سەن شۇ دەم ئۇيقۇدا
يىراق مەن ئۆگزىمدە
يۈرەك تىۋىشلىرىڭنى ئاڭلاپ ياتىمەن .
ساڭا توقۇغان نەزمەم
سۇغا چىلىشىپ كەتتى .
ئەمدى مەن قانداق قىلاي ؟ !
راست سېغىنغان بولساڭ
كەل يېنىمغا ،
ئۇسسۇزلۇقۇڭغا
يۈرەكنى قوغۇن قىپ تىلاي !
مەن سېنى كۈتمەكتىمەن
ئاستا ۋە داۋاملىق......
يامغۇر ياغسىلا تۇگەيدۇ
ئىشىكىم ئالدىدىكى پاتقاقلىق .

ياز تەرلىمەكتە
يامغۇر يىراقتا......


# ياز بىلەن خوشلىشىش

بىر ناخشىنى ئاڭلىدۇق ئۇزاق ،
ئېرىپ كەتتۇق يازنىڭ تەپتىدە......

كۆيۈپ تۇرغان كۆزلەر ئىچىدە
كۈز يۈرمەكتە هارغىن ، پەرىشان .
ياز ماڭماقتا قول پۇلاڭلىتىپ ،
يىراقلاردا بىر پارچە ئاسمان......

يازنىڭ سالقىن ئورمانلىقىدا
بىز ئايلاندۇق ئالتۇن دەرەخكە .
ئاقماقتىمىز گويا سۇ بولۇپ
ئۇنىڭ غەمكىن ئەسلىمىسىدە .

كۈز پەرىشان كۆزلەر ئىچىدە ،
سۆز پەرىشان سۆزلەر ئىچىدە .
بىز ئاسمانغا قاراپ يەتتە رەت ،
قايتمايمىز ئۆز قەلبىمىزگە......



# تامچىلايدۇ غەم

ئاي قاپقارا بوپ ئۇخلىماقتا ،
مۇزلاپ كەتكەن تاشلار ئاستىدا
پاتمىچۇقلار ناخشا ئېيتماقتا......

سۇلار ئاستا خىياللارغا كىرەتتى ،
ياغاچلاردىن تامچىلايتتى غەم .
قالاپ ئولتۇراتتى بىر پاي ئاياغنى
ئۆلۈمدىن زېرىككەن گۈزەل بىر ئادەم .

ئۇ يازالمىغان ئىككى-ئۈچ تال خەت ،
باشلاپ ماڭاتتى ئۇنى خارابىلىككە .
ئۇ شۇنداق ئۆزىنى تىڭشايدۇ ، بىراق —
ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا ئەمەستۇر تەۋە......



# سۆزلىمەكتە تۈن بىر ھېكايە

يېشىل چۈشلەر سۈندى قاراسلاپ ،
جىمجىت ھەسرەت سىڭدى كۆزلەرگە .
مۈڭغا تولدى قاشاسىز باغلار ،
ئۆز رەڭگىدىن قاچماقتا كېچە .

قاراسلىغان تىنىقلار ئارا
ھالسىرايدۇ ئاخىرقى ئىمكان .
توڭلاتماقتا تۈيغۇلىرىمنى
يۈرىكىمدە قاتقان زىمىستان .

ئاستا-ئاستا ئۆچمەكتە مانا
ئەڭ ئاخىرقى ئاجىز يورۇقلۇق .
مەن كەزگەن بۇ دۇنيانىڭ ئىچى
ھاياتىمدەك ئىدى قۇپقۇرۇق .

تۈيۇقسىزلا كەچتى ئېسىمدىن
ۋە يوقالدى بىردىنلا ھەممە .
ئىككى غېرىب ئادەم ھەققىدە
سۆزلىمەكتە تۈن بىر ھېكايە......

# ھەيرانىڭمەن

(شۇ ناملىق خەلق ناخشىسى ئىزىدىن )

1

مەن كارىز بېشىدىن كەلگەندە قايتىپ
جۇجەملەر پىشپىتۇ ھاياجىنىمدەك .
سەن ئىشىك ئالدىغا تۇرۇپسەن چىقىپ
ھەممىدىن بېشارەت بەرگەندەك يۈرەك .

مەن قانداق كۆيۈشنى بىلەلمەي ، سېنىڭ —
تىكىلدىم ئۇن-تىنسىز كۆزلىرىڭگىلا .
ھېس قىلدىم سۆيگۈنىڭ ھەقىقىتىنى
قاپقارا كۆزۈڭگە چۆكۈپ بىرھازا .

كۆردۈممەن قەلبىڭنىڭ زۇلمەت يېرىدە
سوزۇلۇپ ياتماقتا چەكسىز قەبرىستان .
ئاھ ، ئاشۇ پەرۋاسىز كۆزلىرىڭ سېنىڭ
پەرىشان قىلاتتى كۆڭۈلنى ھامان .

2

دەريادەك چېچىڭدىن قالغان يول بىلەن
بىر يۇمشاق كۆڭۈلگە بارىمەن ئېقىپ .
تېرىقتەك چېچىلغان سۆزلەر ئالدىدا
تۇراتتى ياپيېشىل سۆزلەر يېيىلىپ .

تەنھالىق مەي باغلاپ پىشقان مېۋىدەك
پارلايتتى ئازابىنىڭ شاخلىرى ئارا .
شۇ تاپتا ئىچىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن
سۇغۇرۇلۇپ چىقماقتا چەكسىز ئىشتىھا .

لېكىن ، مەن بەرىبىر سېنىڭ كەينىڭدىن
ماڭاتتىم قولۇمغا يۈرەكنى ئېلىپ .
مەن كەبى سۆيەلمەس سېنى ھېچكىممۇ ،
گوياكى سەنەمنى سۆيگەندەك غېرىب .

3

جۇجەملەر پىشىپمۇ تۆگەپتۇ ئەمدى ،
باقمىدىڭ سەن قايتا ئالدىمغا چىقىپ .
مەن كارىز بويىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ
چىقتىم تا كەچكىچە خىيالغا پېتىپ .

ئاھ ، سېنىڭ جىمجىتلا كەتكەنلىكىڭگە
ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، بولىمەن ھەيران .
يەلپۈنۈپ تۇرماقتا قىزىل ياغلىقىڭ ،
بىراق كۆز ئالدىمدا توختىماي ھامان……

# ھېلىقى دەريا

ئۆگۈۋاتقان ھەرپلەرنىڭ ئىچىدە مېڭىپ
باردىم قەلبىمنىڭ خارابىسىگە .
مېنىڭ تۇزلۇق ھاياجىنىمغا
بىر كىچىك دەريا ئېقىپ كىرمەكتە......

پۇراپ ئولتۇرۇپ ھەسرەتلىرىمنى ،
تەسەۋۋۇر قىلدىم تاشلارغا قەدەر .
مېنىڭ ئوڭ يېقىمدا يىغلايدۇ كېچە ،
يەنە بىر يېقىمدا يىغلايدۇ سەھەر .

سىلايمەن كېچىنىڭ جاراھىتىنى ،
ئوقۇيمەن تاڭلارنىڭ رىۋايىتىنى .
يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ غېرىبلىقىمغا
يامايمەن كۆڭلۈمنىڭ يىرتىقلىرىنى .

قانداق كۆلەيمەن بۇندا بىر نەپەس ،
تاغلار يىقىلغان تۇرسا بېشىمغا ؟
پەقەت ئىچىمدە ھارغىن بىر كۆيدە
ئېقىپ تۇرار ھېلىقى دەريا......

# يۈرەكتىكى دېڭىز

سېنىڭ ھەسرىتىڭ ، جىمجىت ھەسرىتىڭ
تارتىپتۇ روھىمغا مەڭگۈلۈك يىلتىز .
بۇلبۇلدەك ئۈنلەشكە مەجبۇر بولساقمۇ ،
ھوسۇلسىز ئېتىزدۇر بىزنىڭ قەلبىمىز .

باقىسەن مۇلايىم ، قوي كۆزلىرىڭدە
مېنىڭ بۇ مۇزلىغان رېئاللىقىمغا .
بىر چۈشنىڭ ئىچىدە شۇنچە ئولتۇرۇپ ،
مەن ئېيتىپ باقمىدىم تېخى بىر ناخشا .

بىلەمسەن ، كۆڭلۈمنىڭ ئۇزۇن يىپىغا
مارجان قىپ ئۆتكۈزدۈم ئازابلىرىمنى .
ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە لەرزان چىرمىشىپ
سىلايدۇ ساقايماس جاراھىتىمنى .

ھېس قىلدىم ئەڭ جىمجىت ئۆكسۈشلىرىمدە
يىرتىلىپ بارماقتا سارغايغان يۈرەك .
ئاقلاشچۇن گۇناھىنىڭ ھەقىقىتىنى
دەريادەك كۆز ياشقا چۆمۈلۈش كېرەك .

گۈللەرگە تەبەسسۇم قىلمىدى تېخى
بىر تامچە يېشىدا ئولتۇرغان سەھەر .
ماڭماقتا ئايلىنىپ ئۇزۇن بىر تامنى
شۇ قەدەر پەرىشان ، ھارغىن ئادەملەر .

قارايغان بۇ ئېگىز تاملاردىن ئەمدى
سويۇلۇپ چۈشمەكتە بىزنىڭ قەلبىمىز .
ھەممىنى سىغدۇرغان يۈرىكىمىزدە
چايقىلىپ تۇرماقتا غەمكىن بىر دېڭىز……



# ياز ئاستىدا (2)

(1)

سەن كەلمەستە
ئىشىكىم ئالدىدا قولىنى هورداپ
قىش ئولتۇراتتى .
كېلىۋىدىڭ
ياڭرىدى بىردىنلا يازنىڭ ناخشىسى .

بىز يىراقتىكى مۇزىكىنى
تەكرار-تەكرار چىلىلىدۇق .
مانا ، ئۇ شامالالاردا لەيلەپ كەلدى ،
بىز
جىمغىنا قۇچاقلاشتۇق ،
هاياجان ئۇستىدە نەپەسلەندۇق......

(2)

سېنى چاقىردىم ،
جىمجىت ئاۋازىمىز قالدى ئۇچرىشىپ .
سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى سەزدىم ،
تىنىقلىرىڭنى يۈزۈمگە ياقتىڭ .
يۇمشاق چاچلىرىڭ
ئىسسىق بارماقلىرىمغا كەتتى يۆگىشىپ .

ياز دەرىخى ئاستىدا ،
ۋاقىتنىڭ پەرۋىشىدە
بىز گۈللەر بىلەن ياشاپ قالىمىز .
بىر-بىرىمىزگە بولۇپ مېھرىبان……
بىللە ئولتۇرۇپ
گۈللەر بىلەن سۆزلىشىمىز .
شۇ تەرزدە
ئاۋاتلاشماقتا كىچىك بىر ماكان !



# ياز داۋاملاشماقتا

ياز تەرەپتىن سەلكىن سوقماقتا ،
ھېسسىياتچان بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە .
ئىككىمىز ئاپتاپ بولۇپ ئولتۇردۇق !
يامغۇر يىراقتا……

قۇرغاقچىلىقتىن قېچىۋاتقان سۆزلەر
شامالغا ئەگىشىپ كېتەتتى بىللە .
ياپيېشىل سۆزلەر ئىچىدە قېرىپ كەتتۇق ،
ھاياجان بىلەن بىردەمدە .

يوپۇرماقلارمۇ ھېسسىياتلىنىپ
ئوقۇماقتا بىر گۈزەل نەزمە .
بارماقلىرىڭ
ئالقىنىمنى كۆيدۈرمەكتە……

ئىككىمىز تەڭلا ئويلاپتۇق :
ياز نەقەدەر مېھرلىك - ھە !
بىز يەنە شۇنىمۇ بىلەتتۇق :
ياز پەسلىدىن بىر كۈنى
كېتىپ قالاتتۇق جىممىدە .

ئەگەر راستتىن كېتىشكە توغرا كەلسە
چىدىيالايدىغانلىقىڭغا بەر ماڭا ۋەدە !
ھەمدە
ئاداققى رەت قاراپ تۇرۇپ كۆزۈمگە
دىمە ماڭا ھېچنېمە……

# كېچىلەر ئۇچىقىرىلىمەكتە

قۇياش نۇرلىرىغا دۇمبەمنى قاقلاپ ،
شەيتانلار شەھىرىدىن قايتتىم پىيادە .
ھەقىقەت ئالدىمدا ماڭاتتى يۈگۈرۈپ ،
ياماشقان ئۇستۇمگە سانسىز چۇمۇلە .

ئىچىمدە كۆيۈۋاتقان مۇزىكىلارنى
يۈرەكتىن يوللارغا باراتتىم تاشلاپ .
جاھان غوۋغالىرىدىن جاق تويغان قەلبىم
مېنى پىنھانلارغا ماڭاتتى باشلاپ .

نېمىمۇ قىلارمەن دەيمەن بەزىدە
قاراپ نەقەدەر ئاجىزلىقىمغا .
يۈزۈمنى سۇرتۇشۇم كېرەكتۇر چوقۇم
ھاياتنىڭ مېھرلىك ئالىقانلىرىغا .

مانا ، ئالتۇن ياز كەينىمدە قالدى ،
توڭلاشقا باشلىدىم رېئاللىقىمدا .
مەن ئەمدى كەچ كۈزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ،
ئوت قالاپ ئىسسىناي ئارمانلىرىمدا .

كۈزنىڭ ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلىرىنى
توشۇپ ئاپىراي خىلۋەت چۇشۇمگە .
يىراقتىكى ئورمان مېنى ساقلىسۇن ،
كېچىلەر ئىچىمگە ئۇچىقىرىلىمەكتە......

# چۈشۈمدىكى يازنىڭ بىر كۈنىدە

مەن چۈش كۆرۈپتىمەن ،
چۈشۈمدىكى يازنىڭ ئاشۇ چىرايلىق بىر كۈنىدە ،
سەن ئالدىمغا چىقىپ كېلىۋاتقۇدەكسەن
كۆپكۆك ئاسمان ۋە ياپيېشىل ئورمانلاردەك ،
تېنىمنى سىلاۋاتقان مەيىن شاماللاردەك ،
ھەم نۇر بولۇپ ماڭا سېپىلمەكتىسەن
مۇھەببەتلىك ئاپتاپتەك .

چاچلىرىڭ لەرزان شامالدا يەلپۈنمەكتە ،
يەلپۈنمەكتە يەنە
ماڭا مۇھەببەتنىلا ئەسلىتىدىغان ھال رەڭ كۆڭلىكىڭ ،
تەلپۈنۈشۈمنىڭ ئىسسىق يەرلىرىدە……

مانا
پەرىشتىگە ئايلاندىڭ
چىرايلىق پۈتلىرىڭ بىلەن
خىياللىرىمنىڭ يۇمشاق ساھىللىرىدا
قۇملارنى دەسسەپ ئوينىماقتىسەن
يازنىڭ ھېسسىياتىنى ئەگەشتۈرۈپ
كۆزۈمدىكى دەريالارغا چۆمۈلمەكتىمەن……

سۇلار
كىردى بىردىن سېنىڭ شەكلىڭگە ،
قۇملار

چىدىيالمىدى ئىسسىق مېھرىڭگە .
ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇملاردىن بىر قەلئە ياسىدىڭ ،
ئۆز قولۇڭ بىلەن ئىككى يۈرەكنى سىزىپ قويدۇڭ ،
سۆيگۈدەك كۆرۈنىدىغان چەمبەر ئىچىگە .

ئەمدى بىز شۇ قەلئە ئىچىدە ئۆي تۇتىمىز ،
بىز شۇ چەمبەر ئىچىدە ئۇچرىشىمىز .
بۇ يەردە بىزنىڭ
خۇشال ئۇينار باللىرىمىز
مەڭگۇ تاتلىق ئەسلىمىلەردە......

ياز مېنىڭ چۈشلىرىمدە
ياز مېنىڭدىن يىراق بىر يەردە......



# ھەرپلەر يېرىلماقتا

ھەرپلەر يېرىلماقتا
زامانىنىڭ يىراق يەرلىرىدە……
بىر ئالتۇن بېلىق پىلتىڭلىماقتا
ئۇن بەش يىل بۇرۇنقى كۆلچىكىدە .

ئۇ چاغدا مەن گۇگۇم بويىدا
ئويناۋاتقان بىر بالا ئىدىم .
ئايلىناتتى ئىسسىق يۈرەككە
ئالىقىنىمدىكى ئاپپاق تاشلىرىم .

ئۇ چاغلاردا مەن
يازنىڭ يۇمشاق تىنىقلىرىغا
تېگىشىپ يۈرەتتىم قەلبىمنى پۈتۈن .
ياپراقلار ئارىسىدا ئۇخلاپ قالاتتىم
چاچلىرىمدا يالقۇنلايتتى تۈن……

نۇرغۇن بېلىقلار كۆلچىكىمدە
يەمچۈك ئىزدەپ پىلتىڭلىشاتتى .
مەن يۈرەكسىز قارماق تارتالماي
ئۆكۈنۈشۈم تاش بوپ قاتاتتى……

ئەمدى خاتىرىلىرىمدە
ھەممە نەرسە يىراقتا قالغان .
بۇرۇنقۇم خەت تارتقان شۇ چاغلار
ھاياتىمدىن جىمجىت يوقالغان .

مېنىڭ چىگدىلىۋاتقان ھاياجىنىمدا
ھەرپلەر يېرىلماقتا تېخىچىلا .
ئون بەش يىل بۇرۇنقى كىچىك بىر كۆلچەك
دەرياغا ئايلاندى بىر كېچىدىلا......



# فېۋرال ، يەنە بىر خىيال

فېۋرال جىمجىت ئۇخلىماقتا ،
تالادا بىرى ناخشا ئېيتماقتا .
قاراڭغۇلۇق ئۆمىلەپ كېلىپ
دېرىزەمگە چىقىۋالدى ئاستا .

تاماكا چېكىشىمگە قاراپ ئولتۇرار ،
مەن چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا سۆزلەپ تۇرار
ئايالىمدەك بۇ تۆت تام گويا .


مەن ئۆزۈمنى
ئوغلۇمنىڭ يېشىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ
قايتىپ باقتىم بالىلىقىمغا .
چېۋەر ، چاققان خىيالىم بىلەن
ئۆمۈچۈكتەك ماڭدىم تورۇستا .

بىر پارچە ئاپپاق ۋاراقتەك ،
سىرغىۋاتقان بىر تامچە ياشتەك ،
تولدى ئىچىم بىر كۈيگە شۇئان .
بىراق مېنىڭ خىياللىرىمنى
قورشاپ تۇرار چەكسىز زىمىستان .

چار يىلاندەك سوزۇلۇپ يېتىپ
پىچىرلىدىم رېئاللىققا مەن :

«نېچۈن بۈنچە ئېغىر ھەم قاتتىق ،
جىمجىت ، گۈزەل سېنىڭ ھەسرىتىڭ ؟ »

فېۋرال
ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ
تېرىۋالدى گۈل سېۋىتىگە
چېچىلىپ ياتقان قەلبىمنى مېنىڭ......



# خىيالىنىڭ كەينىدىن ماڭدىم ئەگىشىپ

**(1)**

تۇرۇپسەن ھەسرەتلىك ، غەمكىن جىلمىيىپ
ئوت كەتكەن دېڭىزدەك چۈشۈمدە بۈگۈن .
گۈزەل ھەم پەرىشان كۆزۈڭدە سېنىڭ
بىر تال چوغ كۆتۈرۈپ ماڭار ئىدى تۈن .

يۇمشاق بىر مېھرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ
يۈردۈڭسەن يىراقتا مېنى ئايلىنىپ .
مەن چىقتىم پەرىشان قەدەملەر بىلەن
خىيالىنىڭ كەينىدىن جىمغىنا مېڭىپ .

**(2)**

مېنىڭ بۇ قاغجىراق تەن دەرىخىمدە
قاراسلاپ-قاراسلاپ سۇنماقتا ھۇزۇر .
كۆيدۈرۈپ ھۆل قىلىپ نەپەسلىرىمنى ،
بۇ قاقاس قەلبىمگە ياغماقتا يامغۇر .

ئازابلىق خىيالدا زىنىخلىرىڭغا
بىر چوڭقۇر دېڭىزدەك پاتتىم نۇر بولۇپ .
كىرپىكىڭ ، كۆزۈڭنىڭ ئايۋانلىرىدا
يارىلانغان كېپىنەكتەك ياتتىم سوزۇلۇپ .

ئەڭ تاتلىق كۆلكەمدە نەپەسلىرىڭ بار ،
ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە سېنىڭ ھەسرىتىڭ .
جىمجىتلا كەلگەندەك يېنىمغا گويا ،
يەنە سەن ئاشۇنداق جىمجىتلا كەتتىڭ……

(3)

سەن سالغان دەردلەرگە چىدىدىم شۇنداق ،
تاشتەك يۈرىكىمدىن تۆكۈلمەكتە كۆل .
چۇشۇم خىلۋەتلىرىدە كۆيمەكتە شۇ دەم
ئاپپاق قولدىكى بىر تال ئەتىرگۈل……

قولۇڭنى يەنە بىر سۇنغىنا ماڭا ،
مەن ئۇنى كۆيدۈرەي ئالىقانلىرىمدا .
مېھىر بوستانىنى كېزەيلى بىللە ،
تىتىلسۇن پىغانلار كۆز يېشىمىزدا……



# رەسىم سىزىش

ئەڭ سەرخىل رەڭلەردىن تاللاپ بىرھازا ،
بىر نەپىس رەسىمنى سىزدىم سەن ئۈچۈن .
ھاياتىم ئىچىگە چۆكۈپ جىمغىنا ،
بىر چەكسىز خىيالنى كۆيدۈرمەكتە تۈن .

ئۇقۇدۇم مەن سېنى بىر ناخشا قىلىپ ،
ئەڭ گۈزەل كۈي ئىدى گويا بۇ كېچە .
شېئىرغا ئايلىنىپ قالاتتىڭ بىردىن ،
مەن ئوقۇپ چىقاتتىم سېنى تاڭغىچە .

شۇ تىمتاس كۆزۈڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا
كۆزلىرىم ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى .
مەن ساڭا رەڭ بېرىپ چىقاي قايتىدىن ،
يۈرىكىم بوياققا ئايلاندى ئەمدى……



# ئىستەك

يەكشەنبىدىكى خىيالىمىزدا
بىز ئىككىمىز ئولتۇردۇق نۇردەك .
شىلدىرلايتتى تۇيغۇلىرىمىز
ئېقىپ تۇرغان بىر ئېرىق سۇدەك .

بىر دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە
ناخشا ئېيتىپ تۇراتتى ئورمان .
يىراقلاردىن كەلمەكتە ئېقىپ
قەلبىمىزگە لەرزان ھاياجان .

گۇر-گۇر قىلىپ كۆيەتتۇق گاھى
يازنىڭ يۇمران نەپەسلىرىدە .
مېۋە بولۇپ پىشار سېغىنىش
كۆيۈۋاتقان يازنىڭ تەپتىدە .

بىز ئىككىمىز ئىككى قىرغاقتا
خىيال سۇرۇپ ئولتۇرماقتىمىز .
پۇراق چاچقان گۇللەردەك گويا
ھىد تارىتار تۇيغۇلىرىمىز .

توساتتىنلا چىقىپ قالسا-ھە
يازنىڭ غۇر-غۇر سالقىن شامىلى .
قوشۇلغاندەك ئىككى ئاق بۇلۇت
بىر قوشۇلۇپ كەتسەك بولاتتى......

# مۇھەببەت ئورمانلىقى

سېنىڭ يۇمشاق ئاۋازىڭ ئارا
ئېقىپ تۇرار كىچىك بىر دەريا .
يىلتىزلارغا ئايلىنىپ قالدىڭ
ئاشۇ دەريا ئاققان ئورماندا .

تىڭشاپ باققىن يۈرىكىڭ بىلەن ،
ئاڭلانغىنى كىمنىڭ تىنۋشى ؟
جىمجىت ، گۈزەل ئورمان ئىچىدە
ياڭرىماقتا ياز مۇزىكىسى .

كىمدۇر ئۇنى چالغان مۇڭ بىلەن ،
كىمدۇر ئۇنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ؟
بىر ئادەمدۇر بەلكىم ئىككىسى
بىر-بىرىگە ئايلىنىپ قالغان .

ئۇنىڭ سۈزۈك ، مۇڭلۇق كۆيىنى
تىڭشاپ ئۆتەر ياز شاماللىرى .
غايىب بولۇپ كەتمەكتە ئاستا
قۇشقاچلارنىڭ پەرىشانلىقى .

يىراقلاردا بىر توپ ئاق بۇلۇت
ئورمان تامان كەلمەكتە ئاستا .
يوپۇرماقلار ئاسمانغا قاراپ
غەمكىن كۈيدە ئېيتماقتا ناخشا .

يازنىڭ ئىللىق سىلاشلىرىدا
ئېرىمەكتە سۇ بوپ تېنىمىز .
بۇ ئورماندا شۇنچە ئۇزاق يىل
جىمجىت ياشاپ كەپتۇق ئىككىمىز……



# مېنى ساقلىغىن

يۇمشاق خىياللىرىمنى ئۇچۇرماقتىسەن ،
بىر قاقاس يەر بولۇپ يامغۇرنى كۈتتۇم .
تەقدىرنىڭ قولۇمغا سانجىلغان يىڭنە ،
مەن ئۇنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ بولۇپ ئۆتتۇم .

ياتقانسەن شۇ تاپتا ئېرىق بويىدا ،
بىراق ئىچەلمەيسەن بىر يۇتۇممۇ سۇ .
قەلبىڭگە چۆكۈپ قەلبىڭگە قارا ،
ئۇ يەردە سولاشقان بىر گۈل تۇرۇپتۇ .

نە ئىستىسەممۇ بارالمايمەن ھېچ ،
قۇملارغا لىق تولدى ئالتۇن پىيالەم .
ئاھ ، سەنمۇ مېنىلا ئويلاۋاتامسەن ،
ئەي مېنىڭ مېھرىبان ، قارا كۆز ئەركەم ؟

بىلىمەن ، شۇ تاپتا سۇزۇك كۆز يېشىڭ
چىلىشىپ تۇرغاندۇ كىرپىكلىرىڭگە .
جۇدالىق ئوت بولۇپ كۆيدى چاراسلاپ
مەن سېنى كۆرمىگەن ئۇزاق كۈنلەردە .

ھەسرەتلەر چەكمىگىن ، مېنى كۈتۈپ تۇر ،
سۇ بولۇپ بارىمەن بىر كۈن يېنىڭغا .
ئىسسىق نەپەسلىرىمدە كۆكلەيسەن شۇ چاغ ،
مەيدەم ھۆل بولسۇن كۆز ياشلىرىڭدا......

# قايتىپ كېلىدىغان يارغا بېغىشلاپ

ئۇچماقتا كۆزۈمدىن كۈز ياپراقلىرى ،
ياپراقلار سارغايغان ، قەلبىم سارغايغان .
يارىمنىڭ كۆزلىرى ياشلانماس ئەمدى ،
خىياللار قارايغان ، يۈرەك قارايغان .
كەچمەكتە ئېسىمدىن ياز بورانلىرى ،
چەكسىزلىك تارايغان ، پەسىل تارايغان .

شۇ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىسىگە
ساناقسىز بەلگىلەر سىلىنغان مەندىن .
ئەڭ ئۇزاق ئويلاندىم سۆيگۈ ھەققىدە ،
مەغلۇپلۇق قەلبىمگە كىرەلمەس لېكىن .
بىلمىدىم ، پەرۋاسىز شۇ كۆزلىرىڭگە
كىملەرنىڭ ئوتلىرى يېقىلغان ئىكىن ؟

سەن كەتتىڭ يېنىمدىن شامالدەك گويا ،
بۇ چەكسىز جاھاننى قىلىپ ماڭا تار .
مەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگەن چاغدا ،
يىغىلار قەلبىمگە سۆيگۈدىن مادار .
دەرد-ھەسرەت مېنىلا ئەگىيدۇ ، ئەمما ،
مەن ئاخىر ھەممىنى قىلىمەن تارمار .

بىلىمەن ، بىر كۈنلەر كېلىسەن قايتىپ ،
قەلبىڭنى تىلغايدۇ ئاچچىق پۇشايمان .
كۆز يېشىڭ دەريا بوپ كەتسىمۇ ئېقىپ ،
مېنىڭدىن تەسەللى تاپىسەن ھامان .
شۇ يىراق ماكاندىن كەلگۈچە قايتىپ ،
تىلەيمەن ھەر جايدا بولغىن سەن ئامان !



# يازغا ئەگىشىش

بىر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا
بىز ئىككىمىز تۇردۇق پەرىشان .
يەلپۈنمەكتە مەيىن شامالدا
قەلبىمىزدە بىر تۈپ ھاياجان .

ياز تۈيغۇلىرىغا چۆمۈلمەكتىمىز ،
ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى ئاسمان .
ئاستا لاۋۇلداپ ئاقماقتا دەريا ،
كۆزلىرىڭ خىيالىمغا لىق تولغان .

ئىككى قىرغاق قوللىرىمىزدۇر ،
دەريادىكى سۇ — يۈرىكىمىز .
بىز ئىككىمىز ئۈنىڭ ئىچىدە
بىر-بىرىمىزگە ئېقىۋاتىمىز......

ئورمان غەمكىن كۈي تاراتماقتا ،
يىراقتىكى چوققىلار ئىسقىرتماقتا .
بىز ئۆزىمىزگە يېپىلماقتىمىز
تاسادىپىي ۋە ئاستا - ئاستا......

# يارغول قەدىمكى شەھىرى

چىڭدالغان تۇپىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى،
ئۇ تۇپا ئەمەستۇر مەڭگۈگە، ئەمما.
ئىككى مىڭ يىل تۇپلىغان رىۋايىتىنى
ياتىدۇ پىچىرلاپ ئۇ ئاستاغىنا.

زەن سېلىپ قارىساڭ تار كوچىلاردىن
چىقىدۇ گوياكى بىر توپ باھادىر.
ئاپتاپتا ئالتۇندەك يانغان تاملاردا
ئۇنتۇلغان كەچمىشلەر بولىدۇ زاھىر.

ئۇنىڭ ئوت كۆكسىدە ئۆكسۈيدۇ تارىخ،
چۇش بىلەن ھەسرەتنى چېتىپ بىپايان.
زامانىنىڭ چىڭدالغان ھاياجىنىدا
ئەركەكتەك ئورنىدىن دەس تۇرار ھامان.

ئۆزىنىڭ يوقالماس بالاغىتىنى
تۇرار ئۇ جاھانغا نامايان قىلىپ.
ئۇنىڭ شۇ سەنئەتلىك قىياپىتىنى
ئەڭ ئۇلۇغ رەسساممۇ چىقالماس سىزىپ.

# تەكلىماكاندا مېڭىش

قۇملارنىڭ يۈرىكى بار دەپ ئويلىدىم
كېتىۋېتىپ تەكلىماكاندا .
قۇرۇغان توغراقلار ئوخشاپ كېتەتتى
مېنىڭ قەلبىمدىكى بىر توپ ئادەمگە .

ماشىنا قۇملارغا قاراپ ماڭاتتى ،
قۇملار ماشىنىغا قاراپ قالاتتى .
مەن قۇملار بىلەن پىچىرلاشقاندا
مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمنى ،
قۇملار ئۆزىنىڭ قۇم ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇپ قالاتتى......

تەكلىماكاندا
توغراق يوپۇرماقلىرى ئۈمىدكە شاھىت ،
قۇرۇپ قالغانلىرى ئازابقا تەۋە .
ئۇ ھەم تارىخنىڭ
بىر دۆۋە سۆكۈتىگە بوپ تۇرار بەلگە .

تەكلىماكان ،
سېنى قۇچاقلاشقا يەتمىدى قولۇم ،
قۇچاقلىدىم يۈرىكىمدىن سېنى مەن مەھكەم......

# ئىككىمىز

سېنىڭ ئاسمىنىڭ
ئېگىز ھەم ئۇزۇن……
ئۇندا مەن توپ-توپ قارا بۇلۇتلارغا ئايلىنىپ ،
شاماللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرىمەن ،
ئاندىن
يامغۇر بولۇپ قاغجىرىغان قەلبلەرگە قۇيۇلىمەن .

بىر زامانلار ئۆتكەندە
سەن
يىغلاۋاتقان باياۋانلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ
مېنى ئەسلەيسەن……
مەن
پەرىشان تاشلارنىڭ ئاستىدىن چىقىپ
ساڭا قاراپ ئولتۇرىمەن ،
سېنى سېغىنىمەن……



# خوتەن دېگەن پاكىز بىر ھەسرەت

خوتەن ئۇ
ئۇچ كۇنلۇك رېئاللىقىمدۇر .
بۇ يەردە
ئادەملەرنىڭ تەنھالىقى
ئېگىزلىگەن بىنالاردەك قەۋەت ـ قەۋەت .

خوتەن ئۇ
رېئاللىقتىكى يېڭى رىۋايەت .
ئادەملىرى توپا قونغان خىزىرمىكىن ؟
شۇنچە ياۋاش ھەمدە سەمىمىي
ئادەملەردىن يېغىۋاتقان توپىسىغىچە……

خوتەن
روھىمغا كۆمۈكلۈك قاشتېشى گويا .
بىرلا كەلدىم ،
كەتمەك ئەجەب تەس كەلدى ماڭا .
ئۇيغۇرچە پۇراق ،
شېرىن مېۋىلەر
يۈزى ئاق ، كۆڭلى ئاق ، قارا كۆز قىزلار
ئىسسىق سىڭىپ كىرەتتى روھىمغا……

خوتەن
مەڭگۇ كۆرۈپ تۈگىتەلمەيدىغان
ئۇزاق-ئۇزاق چۈشۈمدۇر مېنىڭ……

مىرئادىل مۇختار

# كۇتكىنىم سەنمۇ

# تەبىئەت قىزى

يۇيۇپ ئۈتتۈك ياپراقلىرىمنى ،
پەرى يەڭلىغ ئاھۇ كۆز دىلبەر .
ئېتىكىمگە ئەكەلدىڭ كۆكلەم ،
ئاسمىنىمدا چاقناتتىڭ قەمەر .

سۈزۈك ھۆسنۈڭ قىلىدۇ ھەرئان ،
گىياھلارنى ، يۇلتۇزلارنى لال .
قۇياش ئۇچۇن لەۋلىرىڭ ئۇپۇق ،
سۇباتلىق سەن ، تاپسەن كامال .

كۆلكەڭ سىلاپ ئۆتىدۇ مەيىن ،
بويۇن قىسىپ يۇرگەن ساينى .
شاماللىرىڭ بېرىدۇ خەۋەر ،
جۇلالىتىپ يۇكسەك غاينى .

شىلدىرلايدۇ سۇلىرىڭ خۇشال ،
روھىڭ ماڭا ئاتا قىپ قۇۋۋەت .
لىباسلىرىڭ ھەسەن-ھۇسەندىن ،
يارقىن كۆيۈڭ گويا مۇھەببەت .

يېشىل مەخمەل ئۇستىدە پادا ،
جىمىرلايدۇ يېڭى تۇيغۇدەك .
چوپان نېيى قىلار شېرىن مەست ،
ئايدىڭدىكى شېرىن ئۇيقۇدەك .

# بۇغرا

ئىز بېسىپ
كېلىدۇ بۇغرا ،
چۆل-جەزىرە ، رېئاللىق ئارا .
كۆكرىكىدە ئېچىلغان رەيھان ،
تىمسالى قۇياش
ئۇپۇقتىن ،
كۆتۈرۈلەر ئاستا بەك ئاستا .

باياۋاندا
تۈنەك بولسا گاھ ،
ئۇچقۇندايدۇ گۇلخاندىن ھەسرەت .
غۇۋا يورۇپ تۇرار چۆل-دالا ،
يىگىتلەرنىڭ كۆكرىكىدىكى داغ
سىڭەر تۇپراق كۆكسىگە پەقەت .



# ئەسلىمە ناخشىسى

ئەسلىمە ، ئەسلىمە !
قاشا تام بوپ قالدى بۈگۈنگە……
قەلب ئىچى تۇمانلىق دەريا ،
مۇڭلۇق ئەمەس مۈشۈك ئاۋازى ،
ئەسلىمىدىن مۆكۈنسۈن دۇنيا .
كۆز ياش ، كۆز ياش !
ئەسلىمىنىڭ ئېرىگەن سۈيى……



# ناتونۇش دۇنيا

بىر ئۇچۇم قۇم بىلەن يازدىم ھەممىنى :
دېڭىزنى ، قۇشنى ، ئەرنى ، زېمىننى .
كۆڭۈللەر كۆزىدە ئاداققى ئازاب ،
ھالسىراپ ئېيتىدۇ ئاداققى سۆزنى .

نىگاھىم سەتھىدە ناتونۇش دۇنيا —
ھال رەڭ پەردە تارتىلغان چېقىق دېرىزە .
خۇش ئاۋاز بۇلبۇللار قونۇپ شېخىمغا ،
تاشلىغان قاسرىقىمغا ياسايدۇ قەبرە .



# دېرىزەڭدىن كىرەلەيدۇ كىم

دېرىزەڭدىن كىرەلەيدۇ كىم ؟
ھەسرىتىڭنى يۇيۇپ شەبنەمدە .
قىزىلگۇلدەك ئېچىلىدۇ كىم ؟
ئاشۇ مىسكىن غېرىب قەلبىڭدە .

مۇھەببىتىم تاشقىنلاپ ئۇنسىز ،
ئۇرۇلىدۇ قىرغاقلىرىڭغا .
ئېپار ھىدى تارقىتاي دەيمەن
باھارىمغا ، گۇلباغلىرىڭغا .



# سولغان گۈل

تىلەپ كەلدىم يېقىملىق نىدا ،
ئۈمۈر شامىڭ ئۆچكۈچە ئۈنسىز :
ساڭا شادلىق ، زىيا - ئېتىقاد ،
ئۆزۈمگە ئوت ، قۇملۇقتا بىر ئىز……

رەڭلىك تۇمان ئالدى پوكاندىن ،
گۈل-غۇنچىلار سولدى ھېچ سۆزسىز .
شۇ قاتارغا قېتىلدىڭ ، دەرىخ !
بۇ ئۆتەڭدە بولماي غۇبارسىز .

ھەر ئويلىسام يۈرەك مۇجۇلار ،
چانقىمدا دولقۇنلايدۇ خۇن .
قانائەتچان بولامدۇ ئىنسان ،
يۇدۇۋېلىپ يىرتىق بىر «خۇرجۇن ؟ »

ھايات شۇنداق قىلماقتا داۋام ،
كۈندە سەندەك سولۇپ تۇمەن گۈل .
قالمايدىكەن ئەجەب ھەۋەستىن ،
بۇ بىچارە ، بۇ مەككار كۆڭۈل .

ئاچچىق پىغان دىلىمنى ئەزدى ،
سېنى قوينىغا ئالغاچ بالدۇر قىش .
ئەپسۇس ، قىشنى ئۆزۈڭ چىللىغان ،
ئەمدى ئارام ئال چىقارماي تىۋىش……

# سۆيگىن مېنى مۇھەببەت ئۈچۈن

يەلپۈندۇ شۇنچىلىك مىسكىن ،
ئېھ ، چاچلىرىڭ قەلبىم كۆكىدە .
گاھى لېيىپ كېتەر بۇلاقلار ،
مۇھەببەتنىڭ زىلال كۆكسىدە .

بۇلۇتلارغا قونۇپ قالدى ئاي ،
چىقتى ھەسرەت گۈلى ئۆچەكتىن .
كەلكۈن كەبى ئۆركەشلەيدۇ ياش ،
ساختا سۆيگۈ ۋەجى يۈرەكتىن .

شۇڭا دەيمەن نىگارىم ساڭا ،
سۆيگىن مېنى مۇھەببەت ئۈچۈن .
مالۇدۇنيا ، قۇرۇق شان-شۆھرەت
ھاياتىڭدا پەقەت بىر تۈتۈن .



# مەجنۇنتاللار تاشلايدۇ سايە

مەجنۇنتاللار تاشلايدۇ سايە ،
كىرپىكلىرىم تۆكۈلگەن يەرگە .
ئىلمان سۈدەك بىلىنەر سۆيگۈ ،
دۇنيا زاردۇر ۋولقانلىق ئەرگە .

تىنىپ كەتمەس يىللار قورۇقى ،
مۇھەببەت بار نەپرەتلەردىمۇ .
ۋاقىت ھەسەت قىلىدۇ گاھى ،
زېمىن بەرگەن شەپقەتلەرگىمۇ .

ماڭلىيىمغا قونغان توزاندىن ،
ياقۇتلارنى ئالدىم سۇغۇرۇپ .
نەرە تارتىپ چاپچىيدۇ قىيان ،
ۋۇجۇدلاردا سۈبھى ئويغىتىپ .



# ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەيمەن سېنى

شاماللارغا ئويۇلۇپ قالدى ،
سېغىنىشنىڭ سۆزۈك تەملىرى .
ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەيمەن سېنى ،
ئېچىلماقتا ھىجران گۈللىرى .

تاغدا مەجنۇن ، باغلاردا لەيلى
تولغىماقتا شۇ تونۇش كۈيىنى .
لەختە-لەختە مېنىڭ يۈرىكىم ،
چاقىرماقتا سېنىڭ ئىسمىڭنى .

ئاھ ، مەن يەنە قالدىم يېگانە ،
سېزەلمىدىم سۆيگۈ تەمىنى .
ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەيمەن سېنى ،
ئۇنتالمىدىم لېكىن بىر سېنى .

گۈللىرىڭدىن پۈرايدۇ ھىجران ،
تونۇش ھېستا باقسام چېھرىڭگە .
ئەقىدەمنىڭ قۇشقاچلىرىمۇ ،
قونالماپتۇ سېنىڭ مېھرىڭگە .

ئاپپاق قارنىڭ كۆكسىگە تامغان
ئىللىق ياشتا ئۆركەشلەر دېڭىز .
خىيالىڭغا كىمدۇر ھۆكۈمران ،
بىلەلمىدىم ، ئەي مەستۇرە قىز ؟ !

ئۈنچە-مارجان ئەيلەپ يۇلتۇزنى ،
مەۋلۇتىڭغا قىلغۇم بار سوۋغا .
سېنىڭ ئۈچۈن بولدۇم مەن شائىر ،
ۋۇجۇدۇمدا بېسىقماس غوۋغا .

ئاخىرقى رەت بېقىشلىرىڭدىن
ئالدىم سۈزۈپ نادامەت تېشى .
شەبنەم ئەمەس يالتىراپ تۇرغان
قار لەيلىنىڭ جۇدالىق يېشى .



# كۆتكىنىم سەنمۇ؟

1

شاماللاردىن سورىغۇم كەلدى :
ئايدالىدا كۆتكىنىم سەنمۇ؟
ياپراقلارغا ئوراپ سۆيگۈمنى ،
بېرىش ئۈچۈن كۆتكىنىم سەنمۇ؟

بۇلاقلاردىن سورىغۇم كەلدى :
خىلۋەتلەردە كۆتكىنىم سەنمۇ؟
چېچەك-چوكان تولغاندا باغقا ،
ئۈمىد بىلەن كۆتكىنىم سەنمۇ؟

تولۇن ئايدىن سورىغۇم كەلدى :
يۈرىكىڭدە مۇھەببەت بارمۇ؟
يۈرىكىمدەك تىترەيدۇ ياپراق ،
بىلەلمىدىم كۆتكىنىم سەنمۇ؟

2

تاڭ جىلۋىسى ئاچقاندا يوپۇق ،
گۈلگۈن نۇرغا چۈمكەلدى ئەتراپ .
جامالىڭغا ئوخشايدۇ قەۋەت ،
يۈرەكلەرگە سىڭىشكەن ئاپتاپ .

گۈلزارىڭدا بىر تال گىياھ بوپ ،
ئالسام نەپەس قالماس ئارمانىم .
نىگاھ تاشلاپ ئۆتسەڭ ئەگەردە ،
بويلىرىڭغا تولار ئوزايىم .

يۇلتۇزلارنى سۈزۈپ ئالدىراش ،
قۇرلىرىڭغا تىزماق بولىمەن .
ھەر كۆرگەندە تەبەسسۇمىڭنى ،
دېڭىزىمدىن دۇرلار سۈزىمەن .

تولۇن ئايدىن سورىغۇم كەلدى :
يۈرىكىڭدە مۇھەببەت بارمۇ ؟
يۈرىكىمدەك تىترەيدۇ ياپراق ،
بىلەلمىدىم كۈتكىنىم سەنمۇ ؟



# كۆيۈپ قالغان ئوخشايمەن ساڭا

تۈن ئاسمىنى ،
ئاق رەڭلىك ئەترگۈل
بولۇر گۇۋاھ غەمكىنلىكىمگە .
بىلەلمىدىم مېنى نە خىيال ،
ئۇرغۇزدى تىغ تەمكىنلىكىمگە .

كېزىپ يۈرەر بولدى ئويۇمدا ،
سەيياھ كەبى تۈمەن مىڭ سوئال .
ھىلال ئايمۇ باقىدۇ ماڭا ،
ئۆز-ئۆزۈمگە قىلغۇم يوق ئۇۋال .

يۈرىكىمنى ئېلىپ ئالىقانغا ،
قاراپ باقتىم سىنچىلاپ تەكرار .
كۆيۈپ قالغان ئوخشايمەن ساڭا ،
ماڭا كۆڭلۈڭ بارمىدۇ دىلدار ؟ !

# بېكەتتىكى قىز

ئورىغان ئۇپۇق رەڭ ئەتلەس دولقۇنى ،
كىيگەن گۈل بەرگىدىن دوپپا گۈزەل قىز .
تۇراتتى لېۋىنى ئۇمچەيتىپ ئۇماق ،
كۆڭۈلدە قالدۇرۇپ مۇھەببەتتىن ئىز .

سۆيەتتى تىنىمسىز يامغۇر تامچىسى ،
كۈتۈشتىن سارغايغان مۇلايىم يۈزگە .
ئۆتۈشكە باشلىدى يالغۇزلۇق جاندىن ،
يېشىل ياز بىمەھەل كۆچكەندەك كۈزگە .

تالايلاپ ئۆتمەكتە ئاپتوبۇس ئىلدام ،
كۆرۈنمەس ۋەلېكىن ئىنتىزار يۈرەك .
كۆردى ئۇ ئاشۇنداق كۈتۈشنى راۋا ،
گۈللىرى بىر ئاڭا ئېچىلغاچ پورەك .

*　　　*　　　*

چەكسەڭمۇ رىيازەت ، ساقلا ئەي قىزچاق ،
تاۋلىنار جاپادا مۇھەببەت ئەسلىي .
كېلىدۇ يىگىتىڭمۇ ئېچىپ كەڭ قۇچاق ،
باشلاپ گۈلشەنىڭگە چېچەكلەر پەسلى .

# كاككۇكگۈلى پورەكلىگەندە

كاككۇكگۈلى پورەكلىگەندە ،
كېپىنەكلەر ئوينىشار ئۇسسۇل .
زىلال بۇلاق زۇمرەت ئاسمانغا ،
خۇش ۋىلىقلاپ سۇنار ئەترگۈل .

ئاھۇ كۆزلۈك ، قۇندۇز چاچ دىلبەر ،
ئېگىرگەچ يىپ كۈتەر يارىنى .
مارجان ئەيلەپ ئاسقان يۇلتۇزلار ،
نۇرغا توللار باغ-گۈلزارىنى .

ئېرىپ كېتەر يۇرەكلەر ئۇنسىز ،
مىسلى چۇغلۇق سۆيگۈ بەھرىدە .
يۇكسەكلەرگە ئۆرلىگەن شەمشاد ،
كۆكلىگەندۇر قۇياش تەپتىدە .

لاۋۇلدايدۇ دىللاردا ئاتەش ،
گۈزەل ئارمان كۈلگەن ھەممىدە .
ئال ئۇپۇقتىن ئېلىپ زور ئىلھام ،
تاشلاپ قەدەم يەتتۇق مەنزىلگە .

قايناپ كېتەر رىقابەت كەسكىن ،
ساھىللاردا جۇلالىق ياقۇت .
جەۋلان قىلىپ ئۇمىد ناخشىسى ،
كېلەر چىللاپ گۈلىستانغا قۇت .

# ھىجران

بۇلۇت تۆكەر ھەسرەت بىلەن ياش ،
يالتىرايدۇ چاچلىرىڭدا جان .
قېچىپ كەتكۈم كېلەر باغرىڭدىن ،
لېكىن قېچىپ كەتمەيمەن ھامان .

چىمەنلەردە بېزەپ سۆيگۈمنى ،
كىرپىكىڭگە قونۇپ قالدى ئاي .
گۈلشەن ئىچرە سايرايدۇ كاككۇك ،
مۇھەببەتكە كىم سېنىڭدەك باي ؟

ياغدى ھىجران سىم-سىم يامغۇردەك ،
يىراقلارغا باقىمەن مەيۇس .
سىقىملايمەن سولغان گۈلۈڭنى ،
كۆرگەن كەبى باياۋاندا چۇش .



# قارلىغاچ

تۆكمە بولدى غەلۋىردىن چاچقۇ ،
قىش پۈرىقى يىتكەن مەھەلدە .
چېچەك كۈلۈپ تۇرغان مەھەلدە .
«قارلىغاچ كەلدى ! ھە ، قارلىغاچ !»
تەكچىلەردە ئېغەكنى تىرەپ ،
قاراپ قالدى سەبىيلەر
ئايۋاندىكى ئېگىز تورۇسقا .
«قار ياغدى ، قارلىغاچمۇ كەلدى»
شۇنداق توۋلاپ كۈلۈۋەتتى بالا ،
بېرىپ ئۇلدام ئانىغا دېدى :
«قار ياغمايتتى ئەسلىي باھاردا .»
يېنىك سىلاپ بېشىنى ئانا :
«ئۇنداق ئەمەس ، جانىجان ئوغلۇم ،
باھاردىمۇ قارلار ياغىدۇ
ياغقىنىدەك ھاياتتا چاڭ-قۇم .
لېكىن ، قارا ، قارلىغاچلارغا
ئېلىپ كەلدى كۆكلەم خەۋىرى .
ئۇ نەقەدەر ئۈمىدۋار جاندار ،
تولۇپ تاشقان دىلىدا سەۋرى»
دېدى ، ئىما قىلىپ تالانى .
بالا چۆمدى شۇئان سۈكۈتكە ،
«قارلىغاچتەك بولىمەن چوقۇم»
دەپ ، نىيەتنى پۈكتى قەلبىگە .

# يەكشەنبە

ئۆتۈپ كېتەر يىللار شۇ سىياق ،
ئەيلەپ خازان ، ئاڭقىتىپ پۇراق .
نۇرلار جىسمى بەردى بېشارەت ،
يۇرەكلەردە سارغايغان ئوتلاق .

تەشتەك كەبى چېقىلار ھايات ،
ئۆركەشلىسە دىللاردا ھەۋەس .
ياڭراق كۈيگە مىسكىن يەكشەنبە ،
تولۇپ كەتتى ، توللاندى پەۋەس .

قېتىرقىنىپ ۋاراقلانغان ئوي ،
ئەشئار تېرىپ كەلدى ئېتىزدىن .
غىلمانلارغا ئېچىلدى قۇچاق ،
تېلېفون كەلدى يەنە بىر قىزدىن......



# خەير

قاراپ قالدىم ئارقاڭدىن مەيۈس ،
ئاستا ئۈزىغان قەدەملىرىڭگە .
تونۇش قولدا خوش دېگەچ سالقىن
گۈل ياغدۇرغان ئەلەملىرىڭگە .

يۈرىكىمگە كىرمەيسەن ئەمدى ،
پەنجىرەمگە بولمايسەن نەققاش .
چاچقۇ كەبى بۇلۇت مەڭزىدىن ،
تۆكەلمەيسەن ئۈستۈمگە قاشتاش .

يىللار خەنجىرى سۇرگۈن قىپ سېنى ،
قوغلىغاندۇ قايسى توقايغا ؟
بالىلىرىڭ يېتىم قالدىمۇ ،
جۈپتۈڭ ئايلىنىپ تولغا ؟ !

خەير دەيمەن ساڭا بۇ قېتىم ،
چۈنكى باھار كەلمەكچى بۈگۈن .
يېڭى ھايات ، يېڭى ئۈمىدلەر
يەشمەك بولۇپ تۇرماقتا تۈگۈن .

# نەزىرە

1

كەتتىم بىردىن خىيالغا چۆكۈپ ،
گۈلنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئارا .
سەۋدا بولغان ، ئۈيقۇدىن بىدار —
كېچىلەردە يۈرىكىم يارا .

شامال شېرىن پىچىرلاپ ئۆتەر ،
يالپۇزلارنىڭ بويىدا گۈلخان .
بىخلاپ چىقتى نۇردىن نەزىرە ،
تىنىقىدىن تونۇيدۇ ئاسمان .

2

ئارمانلىرىم بولمايدۇ چۆپ-چۆپ ،
بۇلۇت غەمكىن باقسىمۇ ساڭا .
ئاق بوز ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن
كېلەر ئىللىق يۈرەككە سابا .

سۈزۈك بۇلاق ئۆكسۈشلىرىگە ،
قىياس چېچەك ھەسرەت تۆكۈشى .
گۈلشەن ئىچرە يۈرەلمەي خۇشال ،
سېنى مۇڭلۇق سۆيدى بىر كىشى .

دىلمۇرات مۇھەممەت شاۋۇدۇن

# ئۈزۈلمەس رىشتە

# ئۈركۈمىگىن مېنىڭدىن جېنىم

ئۈركۈمىگىن مېنىڭدىن جېنىم ،
سەپەرداشىمىز تۇرمۇش يولىدا .
نە سەۋەبلەر كار قىلماس بىزگە ،
چىن ئەقىدە ، ۋىجدان ئالدىدا .

ئۈركۈمىگىن مېنىڭدىن جېنىم ،
مەن ساڭىلا ئېرىشسەم دەيمەن .
يامغۇر بولساڭ ، مەن ئاڭا تۇپراق ،
دىل قەسرىمگە ئۈنگەن گىياھسەن .

ئۈركۈمىگىن مېنىڭدىن جېنىم ،
باھارىمغا بولۇپ بەر چېچەك .
تۈنلىرىمگە سوئال باشلايدۇ ،
سانسىز - تالاي كېچىدە يۈرەك .

ئۈركۈمىگىن مېنىڭدىن جېنىم ،
مۇڭدىشايلى دىللار قانغۇدەك .
دىللار دىلغا بەرسۇن ئۈسسۈزلۇق ،
ھەتتا چاڭقاق زېمىن قانغۇدەك .

# ئەسلەش ۋە ۋىسال

ئۇنتاي دېسەم ئامالىم قانچە ،
ئەسلىمەمدە تۇرسالڭ كۆز قىسىپ .
قىيناپ كەلدىڭ ئەزىز جېنىمنى ،
چۈشلىرىمدە باغرىڭغا بېسىپ .

سېنى ئەجەب سېغىنىدىم گۈزەل ،
دىدارىڭغا تېۋىنىپ هامان .
نۇر چاقنىغان بۇلاق كۆزۈڭدىن ،
يۈلۈم-يۈلۈم تۆكۈلسە ئارمان .

شۇڭلاشقىمۇ بەرگەن ۋەدىلەر
پاك قەلبىمگە تاشلايدۇ سايە .
نۇر چاقنىغان بۇلاق كۆزلىرىڭ
شادلىقىمنى قىلار هىمايە .

بىر جۈپ يۈرەك كۆيگەن شېئىردەك ،
كىرىۋالساق بەخت قوينىغا .
سەن باغرىمغا كىرسەڭ هەم سىڭىپ ،
ئايمۇ بىزنى ئالغان دالدىغا .

# سېغىنىش

كەلگىنە جانانىم ، باساي باغرىمغا ،
يۈرەكنىڭ ئاۋازى يەتسۇن يۈرەككە .
سۆيگۈمىز رىشتىدىن تۆرەلگەن ئارمان ،
سىڭىشسۇن گۈلخاندەك ئوتلۇق نەپەسكە .

مەن سېنى باغرىمغا باساي قايتا رەت ،
ئۇنتۇلسۇن ئۆتمۈشلەر ، ھەسرەتلىك كۆز ياش .
ئەقىدە كۆكىدە قۇرايلى بىز باغ ،
چوغسىمان لېۋىڭدە كۈلگەندە قۇياش .



# باھار بولۇپ كەلسەڭ دىلىمغا

دولقۇنۇڭغا چۆكەرمەن تىمتاس ،
ماڭا نېسىپ شېرىن تۇنجۇقۇش .
باھار بولۇپ كەلسەڭ دىلىمغا ،
تۇيغۇلىرىم بولدى كىچىك قۇش .

روھىمدىكى خىلۋەت جىرادا ،
چۇغلۇق بىلەن تونۇش شىۋاقلار .
ئىزلىرىڭنى ھىدلايدۇ قانىماي ،
ئايمۇ يىغلاپ مەندىن يىراقلار……



# تەشنالىق

سەنسىز خۇشال ئۆتمەيدۇ كۈنۈم ،
مەشئەل بولۇپ يانغىن قەلبىمدە .
سېنى ئىستەپ ، سېنىلا ئىستەپ ،
تېۋىندىمەن تالاي تۈنلەرگە……

سېغىنىشنىڭ تەشنالىقىدا
شېئىر يېزىپ تۇرغىنىممۇ راست .
سەنسىز قالغان دىلدا ھۇزۇر يوق ،
چىمەنزارمۇ بىلىندى قاقاس .

تەكلىپنامە يازدىم سەن ئۈچۈن ،
كۆرۈپ كەتكىن مۇڭلۇق دىلىمنى .
ھېچبولمىسا تەسەۋۋۇرۇڭدا ،
ئەسلەپ باققىن سۆيۈشلىرىمنى……



# ئارمان

بىر گۈل ئىدىڭ قەلبىم بېغىدا ،
مەن شۇ چاغدا ئەمەستىم ساياق .
ھەر سەھەردە ئۇچراشسام ساڭا ،
بۇلبۇلدەكلا تۆكەتتىم پىراق .

سىڭگىنىڭدە قارىچۇقلىرىمغا ،
پۇچىلانغان ئىدىم شۇ قەدەر .
كەل نىگارىم ، باساي باغرىمغا ،
لېۋىڭ بىلەن قۇيساڭمۇ زەھەر .



# مۇھەببەت

مۇھەببەت گوياكى شاۋقۇنلۇق دەريا ،
قىرغىقىدا تۇرىمىز تىمتاس .
كۆتكەن بولۇپ مەلۇم بىرسىنى ،
ياكى سۆيگۈ قىلىمىز قىياس .

لىرىكىغا ياندىشىپ كېلىپ ،
سىڭگەن چاغدا ئايدىڭ ئاخشامغا ؛
مەيلى ھىجران ۋە ياكى ۋىسال ،
سۆيگۈ ئاتا قىلار ناخشىغا .

مەنزىللەرنىڭ توقايلىرىدا ،
ئاشىق تۇرغان دەريا بويىدا .
ئۈنۈپ قالار بىرەر تال چۇغلۇق ،
ۋەياكى تېخى مەشۇق دىلىغا .



# ئەقىدە

كېتەر ياشلىق ، ئۆتىدۇ كۈنلەر ،
ھېسلىرىمنى بىلمەيسەن بىراق .
كەلمەي قالساڭ ساقلىغان جايغا ،
مەن روھىمدىن بولىمەن يىراق .

پاك قەلبىمنى چۈشەنگىن نىگار ،
سېنى سۆيگەن ئەمەسقۇ گۇناھ ؟
سېلىشتۇرۇپ باققىن ئىنچىكە ،
ئوخشاش ئەمەس يانتاق ھەم گىياھ .

قىلىپ ساڭا ئىخلاس-ئەقىدە ،
ئۆزلۈكۈمگە چۆكىمەن ھامان .
مۇھەببەتنىڭ قىسمىتى قاتتىق ،
ئاشىقلارنىڭ چىرايى سامان .



# ئۇزۇلمەس رىشتە

چىرماپ ئالدى روھىمنى شۇ دەم ،
يارنى ھىدلاپ يۇرگەن كەچلىرىم .
قارىچۇقۇمدا قالغان سىمانى ،
تەبىئەتكە شۋىرلار قەلبىم .

شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ ،
سۆيۇملىرىم ئەمەستۇر كونا .
شىرىن ئىدى ئۇنىڭ كۇلۇشى ،
بارچە بەخت سۆيگەندەك گويا .

مۇھەببەتنىڭ سۇكۇتلىرىگە ،
ھەر تاڭلىرى سالار ئەندىشە .
قىينالسامۇ يارنىڭ ئوتىدا ،
ئۇزۇلمىدى مەندىكى رىشتە .



# ئەسلىيەلەمسەن

بىرگە كەزگەن گۈزەل باغلارنى ،
ئايغا مۇڭداش بولغان چاغلارنى ،
بىز ئۇشتۇغان سۆگەت تاللارنى ،
بۇرۇنقىدەك ئەسلىيەلەمسەن ؟

تۈن نىسپىدە ئۇچراشماق بولۇپ ،
قەلبىڭ گويا ۋىسالغا تولۇپ ،
كەلگىنىڭدە قالسام يوق بولۇپ ،
رەنجىشىڭنى ئەسلىيەلەمسەن ؟

ئىستىگەندە مېنى دىدارغا ،
ئۇلىغان سەن كېچىنى تاڭغا ،
قېتىپ تۇرۇپ مېنى ناخشاڭغا ،
كۆيۈشۈڭنى ئەسلىيەلەمسەن ؟

يامغۇر ياغقان ئاشۇ بىر كۈنى ،
ئېلىپ كەلسەم خۇش پۇراق گۈلنى ،
چۈشەنگەنسەن گۈزەل سۆيگۈنى ،
سۆيۈشۈمنى ئەسلىيەلەمسەن ؟

# تۇغۇلغان كۈنۈڭ

ئارمانلىرىم ئىللىق باھاردەك ،
سېنى ئىستەپ كەلگەن گۈزەل تۈن .
تىلەك يوللاپ ساڭا سەھەردىن ،
مەن كېلەرمەن يېنىڭغا بۈگۈن .

مۇبارەك يار تۇغۇلغان كۈنۈڭ ،
پاك قەلبىڭگە ياغسۇن خۇشاللىق .
گۈلگە تولسۇن ئۆمۈر مەنزىلىڭ ،
ياشلىقىڭغا قوشۇلۇپ ياشلىق .

بەر قولۇڭنى باشلاي گۈلزارغا ،
سۆيگۈ قالسۇن بىزدىن ئەگىشىپ .
بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ،
تەبرىكلەيلى تاتلىق مۇڭدىشىپ .

يار ئىشقىڭدا كۆيگەن يارىڭمەن ،
كەتمەيلى بىز ھەرگىز ياتلىشىپ .
كۆپايىدۇر ماڭا بىر ئۆمۈر ،
مەڭگۈ شۇنداق تۇرساق ئەسلىشىپ .

# سۆيگۈ ئىزھارى

بىر پارتىدا ئولتۇرغان بىلەن —
نىگار ساڭا قانمىغانىدىم .
ئۆتۈپ كەتتى مەكتەپ ھاياتى ،
بۈگۈن ساڭا كۆڭلۈمنى دېدىم .

باقار ئىدىم ئىللىق چېھرىڭگە ،
ھەر نەپەستە بوغۇلۇپ شۇنچە .
پىنھان كۆيۈك ، يوشۇرۇن سۆيگۈدە ،
ئۆرتەندىممەن ئاھ نۇرغۇن كېچە .

ئارمانلىرىم ئالدىغان كەچمىش ،
چىن سۆيگۈمنى قىلدى ئاشكارە .
ئېيتقىن نىگار ، ئېيتقىن سۆزۈڭنى ،
يۈرىكىمنى قىلما مىڭ پارە .

يۈرىكىمنى قىلما مىڭ پارە ،
قولۇم سۇناي بەرگىن قولۇڭنى .
ئايدىڭ ئاخشام بولسۇن خاتىرە ،
قارشى ئېلىپ يېڭى كۈيۈمنى .

# ھىجران

ياتسىرايمەن گۈزەل شەھەردىن ،
غېرىب بولۇپ يۈرىمەن تىمتاس .
ئانام قالغان گۈزەل يۇرتۇمنى
خىيالىمدا قىلىمەن قىياس .

ھىجران بىلەن ئۆتكەن كۈنلەردە ،
سىرداشلىرىم كېچەر ئېسىمدىن .
چۈشەنمەيدۇ مېنى بۇ شەھەر ،
تەسەللىنى تاپسام يېشىمدىن .

«ئۆزۈمنىڭ شە - شەرىدىن كەتسەم» ،
يولۇقماسمەن تونۇش كىشىگە .
ئەسلىمەمدە قالغان چىغىر يول ،
مېنى باشلار ھىجران چۆلىگە .

ياتسىرايمەن گۈزەل شەھەردىن ،
چانقىمدا لىغىرلاپ كۆز ياش .
تەنھالىقتا مۆكۈلۈق دىلىمغا
ھەمراھ بولۇپ ھىجرانلىق قۇياش .

# مۇھەببەتنىڭ ئۇۋىسى

ئانىنىڭ ئازابى — ھاياتلىقىدىن ،
دۇنياغا يارالدۇق سۆيگۈ رىڭىدە .
ئاتىنىڭ ئۈمىدى ، مەدىتى بىلەن ،
ئانىلار قەھرىمان تۇغۇت جىڭىدە .

قولىغا ئالغاندا بىزنى ئاتىلار ،
تەسۋىرگە ئاجىزلىق قىلار يەنە تىل .
ئانىنىڭ كۆزىدە يىلىنجاپ ئارمان ،
كۆكسىدىن سۇنىدۇ بىزگە كۈچ-ئەقىل .

ھاياتلىق يولىدا — ئۇزۇن سەپەردە ،
ئىغىشسا ئەقلىمىز مەلۇم بىرىگە .
بەزىمىز ۋاپانى بىلىمىز ئۇلۇغ ،
بەزىمىز مەست بولۇپ سۆيگۈ گۈلىگە .

نە كىرەك ئەقلى پاك ئاشۇ جۈپتۈڭگە ،
سەن كەبى ۋاپانى ئۇنتۇغان ئاشىق .
ئاقىللار ئۇلۇغنى ئىتىدۇ پەرق ،
«ئاتا ھەم ئانىدۇر» ئەڭ ئۇلۇغ ئىشق .

سۆيۈلسەڭ-سۆيۈشسەڭ ئايدىڭ كەچلەردە ،
يا قالساڭ شىۋىرغان چىققان تۈنلەردە ؛
يولۇڭدا ماياكتەك چاقنىغان ئىستەك ،
ئاناڭنىڭ قەلبىدۇر ئىغىر كۈنلەردە......

# سۆيۈش-سۆيۈلۈش

پۈراپ باقتىم لالە-رەيھاننى ،
سېنىڭكىگە ئوخشىماس ھىراق .
ياردىن گۈزەل مەنزىرە قايدا ،
مۇھەببەتسىز ياشىماس تۇپراق .

ئايغا ئوخشاش دېسەم يار سېنى ،
باھاردىكى ئۈزاق كېچىدە .
سەھەردىكى شېرىن چۈش بولۇپ ،
پورەكلىسۇن چىمەن ئىچىدە .

ئېرىقتىكى زىلال سۇ كەبى
ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن چېغىڭدا ؛
نە تەسۋىرنى بېرەي مەن ساڭا ،
سۆيۈپ ياشاپ سېنىڭ ئىشقىڭدا .

يار ئىشقىڭدا ئۆرتەنسە يۈرەك ،
چېچەكلەيدۇ روھلار ۋەتىنى .
سۆيگۈ پۈراپ تۇرغان تۇپراقتا ،
ھىجران بىلەن ساقلىسام سېنى .

ئەتەم ئۆچۈن يېڭى ئىستەكتە ،
شېرىن پىلان كېلىمەن تۈزۈپ .
مەنزىلدە ھەم قالمايمەن چارچاپ ،
ئەنە شۇنداق كەلسەم سۆيۈلۈپ .

# دادا

ئۈمىدلىرىڭ چاقنايدۇ دادا ،
مېنىڭ باسقان تۇرمۇش يولۇمدا .
سېنىڭ ئەجرىڭ ، سېنىڭ مېھنىتىڭ ،
كۈلۈپ ئۆتسە غەلىبە ، تويۇمدا .

گاھى شۇنداق كېتەتتىڭ تىللاپ ،
كەپسىزلىكتىن چىقارسام قىلىق .
ئەمدى بىلدىم گۇناھ مەندىكەن ،
ئەسلي ئۆزۈم قىلغان بالىلىق .

تاياق ئېلىپ سۈرسەڭ گاھىدا ،
سەندىن شۇنداق قاچاتتىم يىراق .
مېنى هامان ياخشى كۆرەتتىڭ ،
قۇترىسىمۇ غەزىپىڭ بىراق .

تىللا مېنى ، ئۇرغىن هەي دادا ،
رەنجىمەيمەن سېنىڭدىن ئەسلا .
سەندىن قالغان ئۇلۇغ ئۇدۇمدا ،
مىسرا تىزدىم پەقەتلا ساڭا .

«ئانا» دەپلا پۈتكەن داستانلار ،
مېنى گاھى هەيران قىلىدۇ .
سېنىڭ تەرىڭ ، سېنىڭ ئىرادەڭ ،
قەلبلەردە جىمجىت يانىدۇ .

# ئۆزاتمىغىن

ئۆزاتمىغىن مېنى دىلدارىم ،
كۆز يېشىڭنى كۆرگۈم يوق پەقەت .
كېتىپ قالاي ئاستا ، تۇيۇشسىز ،
كۆرۈپ قالسا قالسۇن ھەقىقەت .

يوللۇق تۇتساڭ قەلبىڭنى ماڭا ،
مەنزىلىمدە قالمايدىغان يالغۇز .
سەن قەلبىمدە ياسايسەن ئۇۋا ،
بېقىنشلاردا بەرسەڭ يەنە سۆز .

چىدالمايمەن ، يىغلار يۈرىكىم ،
كۆزۈڭدىكى ھەسرەت دېگىدا .
كەچۈر مېنى ، كەچۈرگىن مېنى ،
مەن نېمىمۇ دەيمەن ئاھ ساڭا .

ئۆزاتمىغىن ، كەتكۈم بار جىمجىت ،
شائىر سۆيگەن تاتلىق مىسرادەك .
بىلمەي قالغىن سۆيۈملۈك دىلدار ،
كېتىپ قالسام دەيمەن شامالدەك .

**图书在版编目(CIP)数据**

睫毛上的雪花儿：维吾尔文/艾斯卡尔·吾秀整理.
—喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.5
ISBN 978—7—5373—2622—3

Ⅰ.①睫… Ⅱ.①艾… Ⅲ.①诗集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 084183 号

责任编辑：**齐曼古丽·阿吾提**
责任校对：**拜合提亚尔·阿布力米提**

**睫毛上的雪花儿**

整理者：**艾斯卡尔·吾秀**

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 毫米 1/32 开本 7.75 印张 2 插页
2012 年 5 月第 1 版 2012 年 5 月第 1 次印刷
印数：1 — 4000 定价：25.00 元

**本集子选录了 7 名年轻诗人最近写的较典型的诗歌。**

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

# كىربىكتىكى قار

ISBN 978-7-5373-2622-3

9 787537 326223 >

（民文）定价：25.00 元